«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى ( 828 )
“东风工程” 图书出版项目之828

# تامچىلىق



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

TU754.2
u-1

# تامچىلىق

ئەسقەر موللاخۇن
تەرجىمە قىلغۇچىلار:
ئابلىمىت ئەمەت

كىتاب ھەدىيە قىلىش
赠阅

新疆大学图书馆
民文图书 755MWZS0003588

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

شىنجاڭ داشۆ كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابى
新疆大学图书馆藏书

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر يۈسۈپ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مياۋلى

# تامچىلىق

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەسقەر موللاخۇن
ئابلىمىت ئەمەت

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
( ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى14 ـ نومۇر، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 م م 1/32 باسما تاۋىقى: 5.5
2010 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 2010 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 18420~ 0001

---

ISBN 978 – 7 – 5631 – 2181 – 6
باھاسى: 9.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش پىلانلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويغان خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇش. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقنىڭ تارقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى ئارىسىدا پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىپ، ئۇلارغا پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان، ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ئاخبارات - نەشرىيات ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىكى ھەممە يېزا - كەنتلەرگە كىتاب، ئۈن - سىن نەشر بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىش — «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ تۈردە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى مۇساپىسى ۋە مەركەزنىڭ «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، پارتىيىنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشكە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتىگە ئائىت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاق تەربىيىسىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قوش تىل مائارىپى ئوقۇشلۇقلىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، كۆڭۈل ئېچىشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، ماركسىزملىق دىن قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىگە دائىر بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار قاتارلىق ئون چوڭ

تۈر بويىچە نەشر بۇيۇملىرى نەشر قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەزمۇن جەھەتتە، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي لىنىيە قىلىندى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي تاپقان، تۇرمۇشى باياشات، يېزا ئىستىللىق مەدەنىي، كەنت مۇھىتى رەتلىك ۋە پاكىز، باشقۇرۇشى دېموكراتىك بولۇش» قا يېتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىشان قىلىندى؛ نەشر قىلىشتا «دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق كەسىپلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقان ـ چارۋىچىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش» مەقسەت قىلىندى؛ ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش پرىنسىپ قىلىندى. بىز نەشر بۇيۇملىرىدىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈشكە، تېكىستىمۇ، رەسىممۇ، ئاۋازىمۇ بار قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشتۇق، شۇنداقلا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بولۇشىغا، مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشىغا كۈچىدۇق، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى بىلىملەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى يۈكسەكلىك ۋە يېڭى نەزەرگە ئىگە قىلىشقا تىرىشتۇق.

بىز يەنە «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» ئارقىلىق، ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشى، كىتاب ئوقۇشى تەس بولۇش مەسىلىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولۇشىنى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىشىنى، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى مۇنەۋۋەر نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى، ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، كىرىمىنى كۆپەيتىپ، ئىلمىي بېيىشىنى ئەقلىي مەدەت ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقىنىڭ
«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


1 ـ باب تامچىلىق ئاساسىي بىلىملىرى ............................ 1

§1 . كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تام قوپۇرۇش ماتېرىياللىرى ........ 1

1. خىش ........................................................ 1

2. كۆتەك خىش ................................................ 7

3. تاش ماتېرىياللىرى ........................................ 9

4. لاي ......................................................... 12

5. سۇ ......................................................... 15

6. ئۈزلۈكلىگۈچى ماتېرىياللار ................................ 15

§2 . دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ۋە مېخانىزملار .......... 16

1. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار ........................... 16

2. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ................ 21

§3 . ئىش تەييارلىقى ............................................ 23

1. تېخنىكىلىق تەييارلىقلار ..................................... 23

2. ماتېرىيال بىلەن ئەسۋابلارنى تەييارلاش .................. 24

3. لاينىڭ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى ۋە ئارىلاشتۇرۇلۇش ........ 24

§4 . بىخەتەرلىك بىلىملىرى ...................................... 29

1. ئادەتتىكى بىخەتەرلىك ساۋادلىرى ........................... 29

2. تامچىلىقتىكى بىخەتەر مەشغۇلات قائىدىسى ................ 30

2 ـ باب خىش قوپۇرمىلارنى قوپۇرۇش ............................ 33

§1 . خىش قويۇش ئۇسۇللىرى ...................................... 33

1. تام قوپۇرغاندىكى خىش قويۇش ئۇسۇللىرى .................. 34

2. تام قوپۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەشغۇلات قائىدىلىرى ..........42

2 § . خىش ئۇلنى قوپۇرۇش ..........................52

1. خىش ئۇل قوپۇرۇش تېخنىكىسى ........................52

2. خىش ئۇلنى قوپۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ..........58

3 § . خىش تۈۋرۈك، خىش تاملارنى قوپۇرۇش ..................59

1. خىش تۈۋرۈكنى قوپۇرۇش ..........................59

2. خىش تامنى قوپۇرۇش ..........................62

3. سۇپەت ئۆلچىمى ..........................70

4 § . ئالاھىدە بۆلەكلەرنىڭ قوپۇرۇلۇشى ....................72

1. خىش ئەگمە ..........................72

3 ـ باب تاش قوپۇرمىلارنى قوپۇرۇش ....................75

1 § . تاش قوپۇرمىغا دائىر ئاساسىي ساۋات ....................75

1. تاش قوپۇرمىلاردا تاش قويۇش (بېسىش) شەكىللىرى ..........75

2. تاش قوپۇرمىلارنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى ھەم ئىشلىتىلىش دائىـ
رىسى. ..........................80

2 § . تاش ئۇلنى قوپۇرۇش ..........................81

1. تاش ئۇلنى قوپۇرۇش ..........................81

2. ماتېرىيال تاشلىق ئۇلنى قوپۇرۇش ....................85

3 § . تاش تام، توپا توسقۇچ تاملارنى قوپۇرۇش ..............86

1. تاش تامنى قوپۇرۇش ..........................86

2. توپا توسقۇچ تامنى قوپۇرۇش ....................91

4 § . ئالاھىدە بۆلەكلەرنى قوپۇرۇش ....................92

1. ئىشىك ـ دېرىزە بېشى ..........................92

2. تۇز ..........................92

3. تام بۇلۇڭى ۋە قۇلاق ..........................93

www.uyghurkitap.com


4. ئىشىك - دېرىزە ئورنى ۋە ئىشىك - دېرىزە كېشىكىنى قوپۇ-

رۇش ........................................................ 95

4 - باب باشقا قوپۇرۇلمىلارنى قوپۇرۇش ئۇسۇللىرى ......... 97

§1 . ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئىشىك بېشىنى قوپۇرۇش ...... 97

1. ئاساسىي ساۋات ........................................ 97

2. قۇرۇلۇش ئىش تەرتىپى ................................ 99

3. قۇرۇلۇش قىلىشتا دىققەت قىلىنىدىغان ئىشلار ........... 104

§2 . كۆزىتىش - تەكشۈرۈش قۇدۇقى، ئەۋرەز ۋە چىرىتىش ئۇ-

رىسىنى قوپۇرۇش .......................................... 105

1. ئاساسىي ساۋات ........................................ 105

2. قۇرۇلۇش تەرتىپى ..................................... 107

3. قۇرۇلۇش قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ............. 110

§3 . تورخۇننى قوپۇرۇش ................................. 111

1. ئاساسىي ساۋات ........................................ 111

2. قۇرۇلۇش قىلىش ئىش تەرتىپى ........................... 114

3. قۇرۇلۇش قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ............. 121

4. سۈيەتنى كونترول قىلىشقا ئالاقىدار ئۆلچەملەر .......... 122

5 - باب سۇۋاقچىلىق قۇرۇلۇشى ............................ 126

§1 . كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۇۋاقچىلىق ئەسۋابلىرى ......... 126

1. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قول ئەسۋابلىرى ................... 126

§2 . سۇۋاقچىلىق تېخنىكىسى .............................. 132

1. سۇۋاق لېيىنى تەييارلاش ............................... 132

2. تام يۈزىنى سۇۋاش تېخنىكىسى .......................... 136

3. تورۇسنى سۇۋاش تېخنىكىسى ............................. 143

4. لاي تۇرىدىكى بېزەكلىك سۇۋاقلار ........................ 143

6 ـ باب قوپۇرمىلاردا پەسىل خاراكتېرلىك مەشغۇلات قىلىش ........................................................... 149
§1. قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلىش ........................... 149
1. تەييارلىق خىزمىتى ............................................ 149
2. تېخنىكا تەلىپى .................................................. 151

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 1 ـ باب تامچىلىق ئاساسىي بىلىملىرى

لاياقەتلىك بىر تامچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇشۇ ساھەدىكى ئاساسلىق بىلىملەرنى ئىگىلىۋېلىشىمىز، تامچىلىققا دائىر ئاساسىي ساۋاتقا ئىگە بولۇشىمىز ھەمدە تامچىلىقتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال، ئەسۋاب، ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئىشنى تېز ھەم پۇختا قىلالايدىغان ئۇستىلاردىن بولۇپ چىقالايمىز.

## 1 § . كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تام قوپۇرۇش ماتېرىياللىرى

### 1. خىش

(1) ئۆلچىمى. خىش ئىنتايىن كەڭ ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلچىمى ئادەتتە: ئۇزۇنلۇقى 24 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 5.3 سانتىمېتىر بولىدۇ (1 ـ رەسىم). تام قوپۇرغاندا خىشنىڭ يان ۋە ئاستىدىكى لاينىڭ قېلىنلىقى 1 سانتىمېتىر بولغانلىقتىن، 4 دانە خىشنىڭ ئۇزۇنلۇقى، 8 دانە خىشنىڭ كەڭلىكى ھەمدە 16 دانە خىشنىڭ قېلىنلىقى بىلەن ئېگىزلىكى 1 مېتىر، كەڭلىكىمۇ 1 مېتىر بولغان تام پۈتۈپ چىقسا، مانا بۇ ئۆلچەملىك خىش بولغان بولىدۇ.




1_رەسىم

(2) سۈپىتى. خىشنىڭ سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئاساسلىقى ئېگىزلىك، كەڭلىك ۋە قېلىنلىقى ئۆلچەمگە توشقاندىن باشقا، يەنە ھەرقايسى يۈزى ۋە قىرلىرى تەكشى، تۈز بولۇشى؛ گىرۋەكلىرى تىك، تولۇق بولۇشى؛ يېرىلمىغان بولۇشى؛ چېقىپ كۆرگەندە ئىچكى تۈزۈلمىسى تەكشى ۋە زىچ بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى خىشنى بىر ـ بىرىگە ئۇرغاندا ئاۋازى زىلىراق چىقىشى كېرەك. ئادەتتىكى خىشنىڭ سىرتقى يۈزىنى تەكشۈرۈش مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ دەرىجە كۆرسەتكۈچى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بېرىلدى:

| رەت نومۇرى | تۈر | كۆرسەتكۈچ 1_دەرىجىلىك | كۆرسەتكۈچ 2_دەرىجىلىك |
|---|---|---|---|
| 1 | رۇخسەت قىلىنغان خاتالىق پەرقي تۆۋەندىكى ئۆلچەمدىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك<br>ئۇزۇنلۇقى<br>كەڭلىكى<br>قېلىنلىقى | ±5<br>±4<br>±3 | ±7<br>±5<br>±3 |
| 2 | ئىككى يان يۈز قېلىنلىقىدىكي پەرق كۆرسەتكۈچتىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك | 3 | 3 |
| 3 | ئەگرى ـ مايماقلىقى كۆرسەتكۈچتىكىدىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك | 3 | 5 |
| 4 | ساق يۈزى كۆرسەتكۈچتىكىدىن كىچىك بولماسلىقى كېرەك | بىريان يۈز بىلەن بىر باش يۈز | بىريان يۈز بىلەن بىر باش يۈز |
| 5 | گىرۋىكى بۇزۇلغان، بۇرجىكى ئۇچۇپ كەتكەن، بۇزۇلغان، ئۈچ يۈزىنىڭ ئۆلچىمى بىرلا ۋاقىتتا كۆرسەتكۈچتىكىدىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك | 20 | 20 |

| رەت نومۇرى | | كۆرسەتكۈچ | |
|---|---|---|---|
| | | 1ـ دەرىجىلىك | 2ـ دەرىجىلىك |
| 6 | يېرىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى كۆرسەتكۈچتىكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. خىش يۈزىدە توغرىسىغا يېرىلىپ يۈزگە يەتكەن ئۇزۇنلۇقى، خىش يۈزىدە بويىغا يېرىلىپ باش يۈزگە يەتكەن ئۇزۇنلۇقى | 70<br>100 | 110<br>150 |
| 7 | خىش يۈزىدىكى مونەكىنىڭ ئېگىزلىكى كۆرسەتكۈچتىكىدىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك | 5 | 5 |
| 8 | مەركۇر دەرىجىدىكى خىشقا ئارىلاشقان مۇشۇ دەرىجىدە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەر خىل مەھسۇلاتلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى كۆرسەتكۈچتىكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك | 10% | 15% |

ئەسكەرتىش: تۆۋەندىكىلەرنىڭ بىرى كەم بولسا خىش لاياقەتلىك بولمايدۇ:

① خىشتىكى بۇزۇلغان قىر ۋە ئۇچۇپ كەمتۈك بولۇپ قالغان يۈزىدىكى بۇزۇلغان قىسمىنىڭ ئابيومى 2×1 سانتىمېتىردىن چوڭ بولسا؛

② ئېرىي رەڭ ئارىلىشىپ قالغان بولسا؛

③ يېرىقىنىڭ كەڭلىكى 1 سانتىمېتىردىن چوڭ بولسا.

ئىشلىتىلىش دائىرىسى. خۇمدان، تام، خىش تۈۋرۈك، تۈرلۈك خىش كېمىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئادەتتىكى خىش ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

③ كاۋاك خىش. كاۋاك خىشمۇ سېغىز توپىلىق لايدىن ياسىلىپ خۇمداندا پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. تام قوپارغاندا، لاي بىلەن بىرىكتۈرۈلىدىغان يۈزىگە، چوڭقۇرلۇقى 1 مىللىمېتىردىن چوڭ بولغان ئوقۇرسىمان سىزىقچىلار چىقىرىلىدۇ. (2 ـ رەسىمگە قاراڭ)




2 ـ رەسىم كاۋاك خىش

كاۋاك خىشنىڭ ئۆلچىمى ئاساسلىقى 190×190×90، 240×180×115، 240×115×90 (بىرلىكى مىللىمېتىر) بولىدۇ. ئادەتتە ئېگىز قەۋەتلىك ئىمارەتلەردە ۋە ئادەتتىكى ئىمارەتلەردە ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان تاملارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. كاۋاكلىق خىشنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش مەزمۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

| تۈر | كۆرسەتكۈچ | | |
|---|---|---|---|
| | ئەلا مەھسۇلات | 1ـدەرىجىلىك مەھسۇلات | لاياقەتلىك مەھسۇلات |
| گىرۋىكى بۇزۇلغان، بۇرجىكى ئۈچۈپ كەتكەن، بۇزۇلغان، ئۈچ يۈزىنىڭ ئۆلچىمى بىرلا ۋاقىتتا كۆرسەتكۈچتىكتىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك (mm) | 3 | 4 | 5 |
| گىرۋىكى بۇزۇلغان، بۇرجىكى ئۈچۈپ كەتكەن، بۇزۇلغان، ئۈچ يۈزىنىڭ ئۆلچىمى بىرلا ۋاقىتتا كۆرسەتكۈچتىكتىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك (mm) | 15 | 30 | 40 |
| ئۆتۈشۈپ كەتمىگەن يېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى كۆرسەتكۈچتىكىدىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك(mm)<br>1. خىش يۈزىدە توغرىسىغا يېرىلىپ يان يۈزگە يەتكەن يېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى<br>2. دىۋار، قوۋۇرغادىكى بوي يۆنىلىشتە، توغرا يۆنىلىشتە ھەمدە گورىزونتال يۆنىلىشتىكى يېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى | رۇخسەت قىلىنمايدۇ<br>رۇخسەت قىلىنىدۇ | 60<br>60 | 80<br>80 |
| قوۋۇرغا، دىۋار ئىچىدىكى كەمتۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى كۆرسەتكۈچتىكىدىن چوڭ بولماسلىقى لازىم (mm) | رۇخسەت قىلىنمايدۇ | 60 | 80 |
| ساق ـ تولۇق يۈزى كۆرسەتكۈچتىكىدىن كىچىك بولماسلىقى كېرەك | بىر يان يۈز بىلەن چوڭ يۈز | بىر يان يۈزياكى بىر چوڭ يۈز | ـ |
| ئوبدان پىشمىغان خىش بىلەن چۈرۈك بولۇپ قالغان خىش | رۇخسەت قىلىنمايدۇ | رۇخسەت قىلىنمايدۇ | رۇخسەت قىلىنمايدۇ |

④ سىغىز تۆپىلىق ئەگمە كاۋاك خىش. بۇ ئەگمە (كېمىر) شەكىللىك ئۆگزىلەرنى قوپۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان غەيرىي شەكىللىك كاۋاك خىش بولۇپ، شەكلى 3 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلدى.



3 ـ رەسىم ئەگمە كاۋاك خىش

ئەگمە كاۋاك خىشنىڭ ئۆلچىمى ئادەتتە 90×125×240، 90×120×240، 120×90×240 (بىرلىكى مىللىمېتىر) بولىدۇ. بۇ خىل خىش بىلەن قېلىپ ئىشلەتمەيمۇ، ھەر خىل ئەگمە شەكىللىك ئۆگزىلەرنى قوپۇرغىلى بولىدۇ. ئۇ يېنىك، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇپلا قالماي يەنە، پولات، سېمونت، ياغاچ قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تېجەپ، قۇرۇلۇش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكىلى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

⑤ گۈللۈك خىش. بىنالارنىڭ سىرتقى يۈزىنى چىرايلىق چىقىرىشتا كۆپ ھاللاردا گۈللۈك خىش ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، گۈللۈك خىشنىڭ شەكىللىرى 4 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلدى.



4 ـ رەسىم گۈللۈك خىش

① سىلىكاتلىق خىش. سىلىكاتلىق خىش ئاساسلىقى قۇم خىش، داشقال خىش، قۇرۇم خىش، كۆمۈر تاشلىق خىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ خىل خىشقا سېغىز توپا ئىشلىتىلمىگەنلىكتىن تېرىلغۇ يەرلەر زىيانغا ئۇچرىمايدۇ، يېقىلغۇ تېجىگىلى، ئۇنىڭدىن باشقا سانائەتتىن چىققان كېرەكسىز ماتېرىياللارنى ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدىكى قۇم خىش بىلەن داشقال خىش ھازىر پەقەت تۆۋەن قەۋەتلىك تۇرالغۇ بىنالىرىغىلا ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى خىل خىش يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە نەملىككە ئۇچرىغاندا چىدامچانلىقى تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئاسانلا بۇزۇلىدۇ. شۇڭا بىنالارنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق بۆلەكلىرى (200 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى بولغان)، ئۇل ۋە باشقا نەملىككە ئۇچراپ تورىدىغان بۆلەكلىرىگە ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ. كۆمۈر تاشلىق خىشنىڭ ئىسسىق - سوغۇققا، چىرىشكە تاقابىلچانلىقى ياخشى، رەڭگى تەكشى، بېسىمغا تاقابىلچانلىقى MPa15 دىن يۇقىرى بولغاچقا، سېغىز توپىلىق خىشنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

② قۇم خىش. قۇم خىشنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى ھاك بىلەن قۇم بولۇپ، مۇۋاپىق نىسبەتتە سۇ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، لېيىنى قېلىپقا بېسىپ ئاسراپ قاتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئۆلچىمى 240×115×53 (بىرلىكى مىللىمېتىر)، نومۇرى 200، 150، 100 نومۇرلۇقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ.

③ داشقال خىش. داشقال خىش ئۇۋۇتۇلغان كۆمۈر كۈلى، داشقال، ھاكنى بەلگىلىك نىسبەتتە تەڭشەپ، سۇ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، قېلىپقا بېسىپ ئادەتتىكى ياكى يۇقىرى بېسىملىق پار بىلەن ئاسراش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان تام قوپۇرۇش ماتېرىيالىدۇر. ئۆلچىمى 240×115×53، نومۇرى 150، 100، 75 بولىدۇ.

④ باشقا سىلىكاتلىق خىشلار. سىلىكاتلىق خىشلار خام ماتې-رىياللىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن داشقال خىش، رودا داشقال خىش، كۆمۈر تاشلىق خىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان كېرەكسىز داشقال بىلەن ھاكنى ئارىلاشتۇرۇپ، قېلىپلاپ تەييارلانغان خىش داشقال خىش دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدا داشقال 85% ئەتراپىدا، ھاك 15% ئەتراپىدا بولۇپ، پار بىلەن ئاسراش ئارقىلىق سۈس ھاۋارەڭ خىش بولۇپ چىقىدۇ. ئۆلچىمى ئادەتتىكى سېغىز توپىلىق خىشنىڭكى بىلەن ئوخشاش، نومۇرى 75، 150، 100 تىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ.

رودا داشقال خىشنىڭ ئۆلچىمىمۇ ئادەتتىكى سېغىز توپىلىق خىشنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، نەمدەلگەن داشقال 90%، ھاك 10%، سۇ 15% بويىچە تەڭشەپ ئارىلاشتۇرۇپ، پىشۇرۇپ، قېلىپلاپ تۈۋەن بېسىملىق پاردا ئاسراپ تەييارلىنىدۇ.

كۆمۈر تاشلىق خىشنىڭ ئۆلچىمى ئادەتتىكى سېغىز توپىلىق خىشنىڭكى بىلەن ئوخشاش، ئۇ كۆمۈر تېشىنى ئېزىپ، ئاز مىقداردا سېغىز توپا ئارىلاشتۇرۇپ، بېسىپ قېلىپلاپ، قۇرۇتقاندىن كېيىن پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

## 2. كۆتەك خىش

كۆتەك خىشنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئۆلچىمىگە قاراپ، كىچىك تىپتىكى كۆتەك خىش، ئوتتۇرا تىپتىكى كۆتەك خىش ۋە چوڭ تىپتىكى كۆتەك خىش دەپ ئۈچ تۈرگە؛ ئاساسلىق ماتېرىيالىغا قاراپ بېتون كاۋاكلىق كۆتەك خىش، پار بىلەن ئاسرالغان سىلىكاتلىق قۇرۇم كۆتەك خىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) بېتون كاۋاكلىق كۆتەك خىش.

① ئۆلچىمى. بېتون كاۋاكلىق كۆتەك خىش ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، ئوتتۇراھال قۇم ۋە دانچىسى 20mm دىن كىچىك بولغان تاشنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ ياسىلىدۇ. ماشىنا بىلەن

شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن تام قوپۇرۇش ماتېرىيالىنىڭ ئۆلچىمى 845×200mm (1180 ~ 780mm)؛ قول بىلەن شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن تام قوپۇرۇش ماتېرىيالىنىڭ ئۆلچىمى 845×180mm (2130 ~ 630mm) بولىدۇ.

② ئىشلىتىش دائىرىسى. بىتون كاۋاكلىق كۆتەك خىشنىڭ ئىش ئۈنۈمى ئادەتتىكى سېغىز توپىلىق خىشنىڭكىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئۆلى ۋە ئۇستۈنكى قىسمىدىكى قۇرۇلما تاملىرىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

(2) پار بىلەن ئاسرىلىدىغان سىلىكاتلىق قۇرۇم كۆتەك خىش.

پار بىلەن ئاسرىلىدىغان سىلىكاتلىق قۇرۇم كۆتەك خىش كۆمۈر داشقىلى، قۇرۇم، ھاك، فوسفورلۇق گەج قاتارلىق ماتېرىياللارنى سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قېلىپلاپ، پار بىلەن ئاسراپ تەييارلىنىدۇ.

① ئۆلچىمى. نومۇرى 100 نومۇرلۇققا يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 880mm، 1180mm بولىدۇ. ئېگىزلىكى 380mm، قېلىنلىقى 180mm، 190mm، 200mm، 240mm بولىدۇ؛ قوشۇمچە ئۆلچىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 280mm ~ 780mm غىچە بولىدۇ.

② ئىشلىتىلىش دائىرىسى. پار بىلەن ئاسرىلىدىغان سىلىكاتلىق قۇرۇم خىشنىڭ سۇ سۈمۈرۈشچانلىقى يۇقىرى، تېمپېراتۇرا ساقلاش، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ياخشى. ئۇ قاتتىق قۇرۇلمىلىق ئولتۇراق ئۆيلەر ياكى سانائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان قۇرۇلمىلىرىغا ھەمدە قورشاۋ تاملىرىغا ئىشلىتىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ. لېكىن چىرىتىشكە ئۇچرايدىغان ئىمارەتلەرگە ھەمدە ئىمارەتلەرنىڭ ئۆل ياكى پول يۈزىدىن تۆۋەن بولغان قوپۇرمىلارغا ھەمدە يەنە دائىم يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان ئىمارەتلەرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

(3) كۆمۈر تاشلىق كاۋاكلىق كۆتەك خىش. كۆمۈر تاشلىق كاۋاكلىق كۆتەك خىش كۆمۈر تېشى، هاك تاش، گەجدىن ياسالغان يىرىم قاتقان بىتوننى تۈز قېلىپتا تەۋرىتىپ بېسىپ شەكىلگە كەلتۈرۈپ، پار بىلەن ئاسراپ تەييارلىنىدۇ. نومۇرى 150~200؛ ئۆلچىمى (200 ~ 180)mm × 880mm × (1180 ~ 180)بولىدۇ. ئۇ ئۇۋىتىلغان كۆمۈر قۇرۇم كۆتەك خىشلىق تام قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى 240mm، قوپۇرمىغا ئىشلىتىلىدىغان لاينىڭ چىداملىقلىق دەرىجىسى M2.5 دىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم.

(4) گاز بىتون كۆتەك خىش. سېمونت، رۇدا داشقىلى، قۇمنى ئاساسىي ماتېرىيال، ئاليۇمىن ئۇۋۇقىنى گاز هاسىل قىلغۇچى ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئېزىپ سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، پار بىلەن ئاسراپ تەييارلىنىدۇ. ئادەتتە ئېغىرلىق كۆتۈرمەيدىغان تاملارغا ئىشلىتىلىدۇ. كەسكىلى، مىخلىغىلى بولىدۇ، تېمپېراتۇرا ساقلىشى ياخشى، بىراق بېسىمغا، توڭلاشقا تاقابىلچانلىقى تۆۋەن.

## 3. تاش ماتېرىياللىرى

تاشنىڭ بېسىمغا تاقابىلچانلىقى يۇقىرى، ئۇزۇن مۇددەت بەرداشلىق بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، توڭلاشقا تاقابىلچانلىقىمۇ يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بار. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە تاش كۆپ ئۇچرايدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالىدۇر. ئۇ ئۇل، تام ئاستى، ئەگمە كۆۋرۈك، توپا توسۇش تېمى ھەمدە زىنىنەتلەش قۇرۇلۇشلىرىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدىغان ئىشلىتىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالىدۇر.

(1) تاش ماتېرىيالىنىڭ تۈرى. تاش پىششىقلاپ ئىشلەش دەرىجىسى ۋە شەكلىگە قاراپ شىپەن تاش، كۆتەك تاش، ماتېرىيال تاش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

① شىپەن تاش. شىپەن تاش تاغدىن كولانغان پېتى تېخى پىششىقلانمىغان، شەكلى ئۆلچەمسىز بولغان تاشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 20cm ~ 40cm غىچە، قېلىنلىقى 15cm دىن چوڭ، ھەر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 20 ~ 30 گىرامغىچە بولىدۇ.

② كۆتەك تاش. كۆتەك تاش شىپەن تاشنىڭ چاسا شەكىلگە مايىل بولمايدىغان قىرلىق ئۇچلىرىنى چېقىپ ئېلىۋېتىپ، چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈپ تەييارلانغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

③ ماتېرىيال تاش. بۇ خىل تاش پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يۈزىنىڭ تەكشىلىك دەرىجىسىگە قاراپ، سىلىق يۈزلۈك ماتېرىيال تاش، قوپال يۈزلۈك ماتېرىيال تاش ۋە يۈزى تەكشىلەنمىگەن ماتېرىيال تاش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ. ماتېرىيال تاشنىڭ ھەرقايسى يۈزلىرىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىش تەلىپى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى. ماتېرىيال تاشنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەشتىكى رۇخسەت قىلىش پەرقى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىگە ئۇيغۇن كېلىشى، ماتېرىيال تاشنىڭ كەڭلىكى، قېلىنلىقى بىردەك 200mm دىن كىچىك بولماسلىقى، ئۇزۇنلۇقى قېلىنلىقىنىڭ تۆت ھەسسىسىدىن چوڭ بولۇشى كېرەك.

**جەدۋەل ماتېرىيال تاشنىڭ ھەرقايسى يۈزلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تەلىپى**

| | | |
|---|---|---|
| ماتېرىيال تاشنىڭ تۈرى | سىرتى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھەمدە ئۆزئارا تېگىشىپ تۇرىدىغان تەرەپلىرىنىڭ يۈزىدىكى ئويمانىنىڭ چوڭقۇرلۇقى | ئۈستىمۇ - ئۈستى قوپۇرۇلىدىغان يۈز تەرىپىدىكى ئويمانىنىڭ چوڭقۇرلۇقى |
| ئۇششاق تاش<br>يىرىك تاش<br>تاش | 2mm دىن چوڭ بولماسلىق<br>20mm دىن چوڭ بولماسلىق<br>سەل - پەل تاراشلانغان بولۇشى | 10mm دىن چوڭ بولماسلىق<br>20mm دىن چوڭ بولماسلىق<br>25mm دىن چوڭ بولماسلىق |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## جەدۋەل ماتېرىيال تاشنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە رۇخسەت قىلىنىدىغان پەرق

| ماتېرىيال تاشنىڭ تۈرى | پىششىقلاپ ئىشلەشتە رۇخسەت قىلىنىدىغان خاتالىق پەرقى (mm) | |
|---|---|---|
| | كەڭلىك، قېلىنلىق | ئۇزۇنلۇق |
| ئۇششاق تاش | ±3 | ±5 |
| يىرىك تاش | ±5 | ±7 |
| تاش | ±10 | ±15 |

(2) تاشنىڭ تېخنىكىلىق خۇسۇسىيىتى. ① ھەجىم ئېغىرلىقى. يېنىك تاش بىلەن ئېغىر تاش تاشنىڭ ھەجىم ئېغىرلىقى بويىچە ئايرىلغان ئىككى خىل تۈردۇر. ئادەتتە ھەجىم ئېغىرلىقى 1800$m^3$kg تىن چوڭ بولسا ئېغىر تاش دېيىلىدۇ.

② بېسىمغا چىداملىقلىقى. ئېغىر تاشنىڭ نومۇرى 100، 150، 200، 300، 400، 500، 600، 1000 نومۇرلۇق بولىدۇ.

③ توڭلاشقا بەرداشلىق بېرىش چىداملىقلىقى. تاشنىڭ توڭلاشقا بەرداشلىق بېرىش چىداملىقلىقىنىڭ كۆرسەتمە نومۇرى توڭلىتىش ـ ئېرىتىش قېتىم سانى بويىچە بېكىتىلىدۇ. توڭلىتىش ـ ئېرىتىش سىناق سانى 10، 15، 25 ياكى 50 قېتىملاپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. قاتتىق سوغۇق بولىدىغان رايونلاردىكى سۇ قۇرۇلۇشلىرىدا توڭلاشقا بەرداشلىق بېرىش چىداملىقلىقىنى 50، 100، ھەتتا 200 قېتىملاپ سىناش تەلەپ قىلىنىدۇ.

(3) تاش ماتېرىيالىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى. بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تاش ماتېرىيالى ئىمارەتنىڭ ئىشلىتىش تەلىپى بويىچە بېكىتىلىدۇ؛ شېپەن تاش دائىم ئۇلغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇل قۇيۇرۇش جەريانىدا 20% ئەتراپىدىكى كىچىك پارچە تاش كاۋاك تولدۇرۇش ئۇچۇن تەييارلىنىدۇ؛ كۆتەك تاش كۆپىنچە ئۇل بىلەن تام بولۇڭىنى قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ ماتېرىيال تاش بولسا تام

قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

### 4. لاي

لاي ــ خىش ـ تاش قوپۇرمىلارنى قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچى ماتېرىيال بولۇپ، قۇمغا سېمونت ۋە هاك ئۇيۇتمىسى قاتارلىق يېپىشتۇرغۇچى ماتېرىياللارنى بەلگىلىك نىسبەتتە قوشۇپ، سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ رولى بىرىنچىدىن، قوپۇرمىدىكى هەربىر تال خىش ياكى تاشنى بىر ـ بىرىگە يېپىشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، خىش تاش يۈزىنى تەكشىلەپ، ئۈستىدىن چۈشكەن يۈكنى تۆۋەنگە تەكشى يەتكۈزۈپ بېرىش، ئۈچىنچىدىن، خىش تاش ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، تامدىن شامال ئۆتۈشنى ئازايتىپ، ئۆي ئىچىنىڭ ئىللىقلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت.

(1) سېمونت. سېمونت ــ هاك تېشى بىلەن سېغىز تۇپىنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا پىشۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا گەج قوشۇپ، ئۇۋۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

① سېمونتنىڭ خۇسۇسىيىتى. سېمونت سۇ بىلەن ئۇچراشسىلا قېتىۋالىدۇ. قېتىشىش باسقۇچى دەسلەپكى قېتىشىش، ئاخىرقى قېتىشىش ۋە پۈتۈنلەي قېتىشىش باسقۇچلىرىغا بۆلۈنىدۇ. دۆلەت ئۆلچىمىدە دەسلەپكى قېتىشىش ۋاقتى 45 مىنۇتتىن، ئاخىرقى قېتىشىش ۋاقتى 12 سائەتتىن بالدۇر بولمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

*كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سېمونتلارنىڭ يېڭى ئۆلچىمى*: «سىلىكاتلىق سېمونت، ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت» (GB175–1999)، «سىلىكاتلىق داشقال سېمونت، ۋولقان كۈلى سىلىكاتلىق سېمونت ۋە سىلىكاتلىق داشقال كۈلى سېمونت» (GB1344–1999)، «بىرىكمە سىلىكاتلىق سېمونت» (GB12958–1999).

سىلىكاتلىق سېمونت 42.5R ، 42.5 ، 52.5R ، 52.5 ، 62.5R ،
62.5 دىن ئىبارەت ئالتە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتىكى سېمونت،
رودا داشقال سېمونت، ۋولقان كۈلى سېمونت، داشقال كۈلى سې-
مونت، بىرىكمە سېمونت 32.5R ، 32.5 42.5R ، 42.5 ، 52.5R ،
52.5 قاتارلىق ئالتە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سېمونتنىڭ سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى
ئۈچ ئەتراپىدا بولىدۇ، بوش ھالەتتىكى ھەجىم ئېغىر-
لىقى 1000kg/m² –1600 غىچە بولىدۇ.

② دىققەت قىلىدىغان ئىشلار. سېمونت قېتىشىش جەريانىدا
ئۇ سۇنى كۆپ سۈمۈرىدۇ. شۇڭا سۇ سېپىپ ئاسراشقا كاپالەتلىك
قىلىش كېرەك.

سېمونتنى ساقلاش ۋە توشۇش جەريانىدا سۇدىن ۋە نەملىكتىن
ساقلاش، قۇرغاق جايغا 30 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە تەگلىك قو-
يۇپ، نەم تارتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ساقلاش ۋاقتى
ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ۋاقتى ئۆتكەن سېمونتنى ئەۋ-
رىشكە ئېلىپ سىناق قىلىپ ئىشلىتىش كېرەك.

(2) ھاك. ھاك — ھاك تېشى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا كۆيدۈرۈپ
تەييارلىنىدۇ، ھاك قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىشتىن بۇرۇن پىششىقلاپ
ئىشلىنىشى كېرەك. ھاكنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلى ئىككى
خىل بولۇپ، بىرى قۇرۇق ھالەتتە ئېزىپ يۇمشىتىش، يەنە بىرى
سۇغا چىلاپ ئېرىتىش. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلدا پىششىقلاپ ئىش-
لەنگىنى ھاك پاراشوكى ۋە ھاك ئۇيۇتمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

① ھاكنىڭ خۇسۇسىيىتى. ھاكنى قۇرۇق ئېزىپ يۇمشىتىپ
پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن 4900 تۆشۈكلۈك غەل-
ۋىردىن ئۆتكۈزسە ھاك پاراشوكى بولىدۇ. ئېرىتىلگەن ھاك قو-
شۇلغان سۇ مىقدارىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، پىشقان ھاك
پاراشوكى ۋە ھاك ئۇيۇتمىسى بولۇپ چىقىدۇ.

ئادەتتىكى لايغا قوشۇلىدىغان هاك ئۇيۇتمىسىنىڭ سىغىم ئېغىرلىقى $1300 \sim 1400 kg/m^2$ بولىدۇ.

② دىققەت قىلىدىغان ئىشلار. هاكنىڭ تەبىئىي پارچىلىنىشى ياكى قېتىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، هاك ئىش مەيدانىغا توشۇپ كېلىنگەن هامان پىششىقلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. ساقلاپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە چوقۇم ئورنى ئېگىزرەك بولغان، يامغۇر ئۆتمەيدىغان قۇرۇق ئىسكىلاتتا ساقلاش كېرەك.

هاك ئۇلغا ئىشلىتىش ئۇيۇتمىسىنى نەم مۇهىتتا ۋە يەر ئاستى سۇ ئورنىدىن تۆۋەن بولغان ئۇلغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ساقلىغان ۋاقىتتا، سىرتىنى مەهكەم يۆگەپ، هاۋادىن ئايرىپ ساقلاش، قۇرۇپ قېلىش، بۇلغىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىش، قىش پەسلىدە توڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۈستىدىن قېلىن يۆگەش كېرەك.

(3) قۇم. قۇم — دەريا قۇمى، دېڭىز قۇمى، تاغ قۇمى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتىكى لايغا ئاساسەن دەريا قۇمى ئىشلىتىلىدۇ. قۇم دانچىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن يىرىك قۇم (ئوتتۇرىچە دىئامېتىرى 0.5mm دىن چوڭ)، ئوتتۇراهال قۇم (ئوتتۇرىچە دىئامېتىرى $0.35 \sim 0.5$mm گىچە)، ئۇششاق قۇم (ئوتتۇرىچە دىئامېتىرى $0.25 \sim 0.35$mm غىچە) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

تەبىئىي قۇمنىڭ تەركىبىدە سېغىز توپا، لاتقا ۋە باشقا نەرسىلەر ئارىلاشقان بولغاچقا، ئۇنىڭ لايدىكى مىقدارى ئېشىپ كەتسە لاينىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ئادەتتە M5.0 نومۇرلۇقتىن يۇقىرى لايغا ئىشلىتىلگەن قۇمنىڭ تەركىبىدىكى توپا 5% تىن ئارتۇق بولماسلىقى، M5.0 دىن تۆۋەن نومۇرلۇق لايغا ئىشلىتىلگەن قۇمنىڭ تەركىبىدىكى توپا 10% دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ.

قوپۇرمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان لاي كۆپىنچە يىرىك قۇم ۋە

ئوتتۇراھال قۇم بىلەن ئېتىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ قۇمنىڭ ئەڭ چوڭ دانچىسى قوپۇرمىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. شېپەن تاشلىق قوپۇرمىنىڭ چاك ئارىسى چوڭ بولغاچقا يىرىك قۇم ئىشلىتىلسە بولىدۇ. خىش قوپۇرمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان لايىغا ئوتتۇراھال قۇم ئىشلىتىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ.

### 5. سۇ

قۇرۇلۇشتا ئادەتتە تۇرۇبا سۈيى ياكى كۆل، دەريا ـ ئۆستەڭ سۈيى ئىشلىتىلىدۇ. سانائەتتىن چىققان كېرەكسىز، بۇلغانغان سۇ ۋە دېڭىز سۈيىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مىنېرال سۇنى تەكشۈرۈپ لاياقەتلىك بولسا ئىشلەتسە بولىدۇ.

### 6. ئۆزلۈكلىگۈچى ماتېرىياللار

(1) ئۇيۇتۇلغان ھاك. قوپۇرمىغا ئىشلىتىلىدىغان قۇم لايىغا ئۇيۇتۇلغان ھاك ئارىلاشتۇرۇلسا ھاك ئۇيۇتمىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

(2) كۆمۈر قۇرۇمى. قۇم لايىنىڭ ئۆزلۈكلىكىنى ئاشۇرۇش ۋە سېمونتنى تېجەپ قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىك مىقداردا كۆمۈر قۇرۇمى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

(3) مودېل قۇم. مودېل قۇم دېگىنىمىز سانائەتتىن چىققان بىر خىل كېرەكسىز ماتېرىيال بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاز مىقداردا قاتۇرغۇچى تەركىب بار. ئۇ قوپۇرمىغا ئىشلىتىلىدىغان لايدىكى قۇم ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ خىل لايىنىڭ ئېقىشچانلىقى بىرقەدەر ياخشى، بىراق ئاسان چۆكۈۋالىدۇ.

4. زەگۇندىلىك پاراشوك. زەگۇندىلىك پاراشوك ئارىلاشمىنىڭ ئۇيۇشچانلىقىنى ياخشىلاپ، توڭلاشقا تاقابىلچانلىقىنى، سۇ ئۆتكۈزۈشكە تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ، بىراق بەك كۆپ قوشۇۋېتىلسە دېتالنىڭ چىداملىقلىقىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.



شىنجاڭ
新疆大学图书馆藏书

5. ئاشتۇزى. قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلغاندا ئاشتۇزى لايىنىڭ
توڭلاشقا قارشى خۇرۇچى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. بىراق ئاشتۇزد-
ىنىڭ پولات چىۋىقنى چىرىتىش رولى بولغاچقا، پولات چىۋىقلىق
بېتون قۇرۇلمىلاردا قوشۇلۇش مىقدارى 1% تىن ئېشىپ كەتمەس-
لىكى كېرەك.

## 2 § . دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ۋە مېخانىزملار

تامچىلىقتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلارنى قانداق ئىشلىد-
ىتىشنى بىلىۋېلىش بىر تامچى ئۈچۈن ئەڭ ئاساسلىق ساۋاتتۇر.

### 1. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار

(1) تامچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار. قالاق، ۋاداۋ، كەكە،
بولقا، لاي يېيىتىش ئۈسكۈنىسى، چۆپگەز قاتارلىقلار دائىم ئىش-
لىتىلىدىغان تامچىلىق سايمانلىرىدۇر.

① قالاق. قالاق لاي يېيىتىش، لاي ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ
ئۇچبۇلۇڭ شەكىللىك، ئۇزۇنچاق ئۇچبۇلۇڭ شەكىللىك، چاسا
شەكىللىك بولىدۇ (5 ـ رەسىم). «ئۇچتە بىر» قوپۇرۇش ئۇسۇ-
لىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ مۇھىم سايماندۇر.



5 ـ رەسىم  ھەر خىل قالاقلار

② ۋاداۋ. ۋاداۋ خىش پارچىلاش، لاي يېيىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. (6 ـ رەسىم)



a b

6 ـ رەسىم ۋاداۋ

③ بولقا. بولقا ئاساسلىقى تاشنى يونۇش ـ چېقىش ۋە غەيرىي شەكىلدىكى خىشلارنى يونۇشقا ئىشلىتىلىدۇ (7 ـ رەسىمگە قاراڭ).



7 ـ رەسىم بولقا



8 ـ رەسىم كەكە

④ كەكە. كەكە ئاساسلىقى خىش يونۇش ـ چاناشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنى بولقا بىلەن قالاقىقا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ (8 ـ رەسىم).

⑤ لاي يېيىتىش ئەسۋابى. ئۇ ئاساسلىقى قۇم لايىنى يېيىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. يېيىتقاندا ئاۋۋال لايىنى ئۇنىڭ ئىچىگە تۆكۈپ، ئىككى قول بىلەن ئالدى ـ كەينىگە تەكشى كۈچ بىلەن ئىتتەرسە بولىدۇ (9 ـ رەسىم).



9 ـ رەسىم لاي يېيىتىش ئەسۋابى

(2) ماتېرىيال تەييارلاش ئەسۋابلىرى. تامچىلىقتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال تەييارلاش ئەسۋابلىرىدىن ئاساسلىقى لاي چىلىكى، گۈرجەك، خىش قىسقۇچ، ۋاگونچە (قول ھارۋىسى)، كىران كۈرىسى، قۇم تاسقايدىغان غەلۋىر، لاي دېسى قاتارلىقلار.

① قۇم تاسقايدىغان غەلۋىر. قۇم تاسقايدىغان غەلۋىر قول غەلۋىرى، تىكلەم غەلۋىر، كىچىك چاسا غەلۋىر قاتارلىق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. كۆپىنچە قۇم تاسقاشقا ئىشلىتىلىدۇ. غەلۋىر تۆشۈكىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى 4mm، 6mm، 8mm بولىدۇ (10 ـ رەسىمدىكىسى تىكلەم غەلۋىر).



10 ـ رەسىم تىكلەم غەلۋىر



11 ـ رەسىم گۈرجەك

② گۈرجەك. گۈرجەك ئۇچلۇق گۈرجەك ۋە چاسا گۈرجەك دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئادەتتە توپا قېزىش، ئۇسۇش ۋە قۇم تاسقاشقا ئوخشاش ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ (11 ـ رەسىم).

③ ۋاگونچە (قول ھارۋىسى). ۋاگونچە ئاساسلىقى لاي توشۇشقا ۋە بەزى پارچە ماتېرىياللارنى توشۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ سىغىمى تەخمىنەن $0.2m^2$ بولىدۇ (12 ـ رەسىم).



12 ـ رەسىم ۋاگونچە

④ خىش قىسقۇچ ۋە خىش سېۋىتى. خىش قىسقۇچ ئاساسەن خىش قاچىلاش ۋە چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ، بىر قېتىمدا تۆت دانە خىشنى قىسىپ ئالغىلى بولىدۇ (13 ـ رەسىم). خىش سېۋىتى بولسا كران بىلەن توشۇشقا ئىشلىتىلىدۇ (14 ـ رەسىم).



13 ـ رەسىم خىش قىسقۇچ



14 ـ رەسىم ئىش سېۋىتى

⑤ كىران كۇرىسى. كىران بىلەن قۇرۇلۇشقا لاي توشۇغاندا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب (15 ـ رەسىم).



15 ـ رەسىم كىران كۇرىسى

⑥ لاي دېسى ۋە لاي چېلىكى. لاي دېسى لاي ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ لاي چېلىكى بولسا لاينى ۋاقىتلىق ساقلاپ تۇرۇشقا ياكى قىسقا ئارىلىققا لاي توشۇشقا ئىشلىتىلىدۇ (16 ـ رەسىم).



16 ـ رەسىم لاي چېلىكى ۋە لاي دېسى



www.uyghurkitap.com

(3) ئەنكاپلاش ئەسۋابلىرى. تامچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەنكاپلاش ئەسۋابلىرى ئاساسەن پولات چۆۈقنى ياپىلاقلاش ئارقىلىق ياكى نېپىز پولات تاختىدىن كېسىۋېلىنىپ ياسىلىدۇ. پولات چىۋىقنى ياپىلاقلاپ ياسالغىنى خىش تامنى ئەنكاپلاشقا، پولات تاختىدىن كېسىۋېلىنىپ ياسالغىنى تاش قوپۇرۇلمىلارنى ئەنكاپلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەنكاپلاش جەريانىدا پالاقمۇ لاي ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم ئەسۋابتۇر.



17 ـ رەسىم خىش تامنى ئەنكاپلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەنكاپلىغۇچ



18 ـ رەسىم تاش قوپۇرمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئەنكاپلىغۇچ

(4) ئۆلچەش ئەسۋابلىرى. يۆگىلمە پولات مېتىر، تاختىپەر، چۆپگەز ۋە ئاسما، شەيتان، بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ، تانا، ئۆلچەم گېزى قاتارلىقلار تامچىلىقتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەش ئەسۋابلاردۇر.

① يۆگىلمە پولات مېتىر. ئۇ تامنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى، قۇرۇلۇشتىكى ھەرقايسى قۇرۇلمىلارنىڭ ئورنىنى ئۆلچەپ بېكىتىشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى: 1m، 2m، 3m، 4m، 5m، 20m، 30m، 50m قاتارلىق ئۆلچەملەردە بولىدۇ.

② چۆپگەز بىلەن ئاسما ئاساسەن تام يۈزىنىڭ تىك ۋە تەكشىلىكىنى ئۆلچەيدۇ.

③ شەيتان، بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ. تام يۈزىنىڭ گورىزونتال تەكشىلىكىنى ئۆلچەشتە ئاساسەن شەيتان ئىشلىتىلىدۇ؛ بۇلۇڭلارنىڭ تىك ۋە توغرىلىقى بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

④ تانا. تامنىڭ سىرتقى گىرۋىكىگە تامنىڭ تۈز ۋە تەكشى قورۇلۇشى ئۈچۈن تارتىلغان يىپ.

⑤ ئۆلچەم گېزى تامغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم گېزى ۋە ئۇلغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم گېزى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم گېزىگە خىشنىڭ ئۆلچىمى، ئۇل لىمى، نەملىكتىن ساقلاش قەۋىتىنىڭ ئورنى قاتارلىقلار بەلگە قىلىنىدۇ، گەزنىڭ ئۈچى نەملىكتىن ساقلاش قەۋىتىدىن چىقىپ تۇرىدىغان بولىدۇ؛ تامغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم گېزى خىشنىڭ ئۆلچىمى، ئەنكاپىنىڭ قېلىنلىقى، ئىشىك، دېرىزە، پول تاختىسى، چارچاپ قاتارلىقلارنىڭ ئېگىزلىكتىكى ئورنى بەلگە قىلىنىدۇ (19 ـ رەسىمگە قاراڭ).



19 ـ رەسىم ئۆلچەم گېزى

## 2. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر

(1) لاي ئېتىش ماشىنىسى. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان لاي ئېتىش ماشىنىسى 200L لىق ۋە 350L لىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇ ھەر خىل ئۆلچەمدىكى لايلارنى تەييارلاشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدۇ.

(2) ھاك سۈزۈش ماشىنىسى. ھاك ئېرىتمىسىنى سۈزۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ئىككى خىل ماشىنا بولۇپ، بىرى ئۈۋىتىپ سۈزۈش ماشىنىسى، يەنە بىرى تولۇقسىمان ھاك سۈزۈش ماشىنىسى دېيىلىدۇ (20 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى تولۇقسىمان ھاك سۈزۈش ماشىنىسى).



20 ـ رەسىم تۇلۇقسىمان ھاك سۇزۇش ماشىنىسى

(3) بېتون تەۋرىتىش ئەسۋابى. بېتون تەۋرىتىش ئۈسكۈنىسى ئاساسلىقى پاتۇرما شەكىللىك ۋە تۈز تاختا شەكىللىك بولىدۇ. پاتۇرما شەكىللىك تەۋرىتىش ئۈسكۈنىسى تەۋرىتىش توقمىقىنى بېتونغا پاتۇرۇپ، بېتوننى تەۋرىتىش ئارقىلىق زىچلىقىنى ئاشۇرىدۇ. تۈز تاختا شەكىللىك تەۋرىتىش ئۈسكۈنىسى پول تاختىسى، پول، ئالدىن تەييارلانغان تۈز تاختىلاردىكى بېتوننى تەۋرىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ (21 ـ رەسىم پاتۇرما شەكىللىك تەۋرىتىش ئۈسكۈنىسى).



21 ـ رەسىم پاتۇرما شەكىللىك تەۋرىتىش ئۈسكۈنىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## § 3. ئىش تەييارلىقى

تامچىلىقنىڭ ئىش تەرتىپى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىش باشلاشتىن بۇرۇنقى تېخنىكا، ماتېرىيال، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىلىش لازىم.

### 1. تېخنىكىلىق تەييارلىقلار

ئىش باشلاشتىن بۇرۇن ئالاقىدار تېخنىكىلىق ماتېرىياللارنى ئىستايىدىل ئۆگىنىش، چېرتيوژنى پىششىق ئىگىلەش، لايىھەلەش مەقسىتىنى چۈشىنىش كېرەك. بولۇپمۇ قۇرۇلۇش مەشغۇلات چېرتيوژى ۋە مۇشۇنىڭغا ئالاقىدار تېخنىكىلىق ماتېرىياللارنى ياخشى ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم. مەشغۇلات ۋە تېخنىكا تەلەپلىرىنى، قوپۇرمىغا قويۇلىدىغان ئايرىم تەلەپلەرنىمۇ تېگى ـ تەكتىدىن پىششىق ئىگىلەش كېرەك.

ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ ئۆلچىمى، ئېگىزلىكى، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيالنىڭ ئۆلچىمى، لاينىڭ چىداملىقلىق دەرىجىسى، سۇ ـ سېمونت نىسبىتى ھەمدە ئالدىن قالدۇرۇلىدىغان كاۋاك ـ تۆشۈكچىلەر، قاتارلىقلارنى پىششىق بىلىش، ئېسىدە چىڭ ساقلاش كېرەك. بۇلار چېرتيوژدىكى تەلەپ بويىچە ئىشلىنىشى كېرەك.

قوپۇرۇلىدىغان ئورۇننىڭ تەكشى يۈز ئۆلچىمى بىلەن ئېگىزلىكىنى قايتا سېلىشتۇرۇش، ئىش باشلاشتىن بۇرۇنقى ئەڭ مۇھىم باسقۇچ بولۇپ، خاتالىق كۆرۈلمىگەندىن كېيىن ئىش باشلاش كېرەك.

## 2. ماتېرىيال بىلەن ئەسۋابلارنى تەييارلاش

(1) ماتېرىيال تەييارلاش. بۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

① قوپۇرمىنىڭ تۈرىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا كېتىدىغان ماتېرىيالنى مۆلچەرلەش، ماتېرىيال تېجەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

② قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسىنىڭ مەشغۇلاتىنى مۇددەتكە بۆلۈپ، ماتېرىيالنى تۈركۈمگە بۆلۈپ پىلانلىق تەمىنلەش ھەمدە ئىش مەيدانىنىڭ تەكشى يۈز ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ قويۇپ، ئىشلىتىشكە تەييارلاش كېرەك.

(2) ئىش مەيدانىغا كىرگۈزۈلگەن ماتېرىيالنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئەسۋابلارنى تەييارلاش. تامچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار ھەر كىم ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىدىغان ۋە كوللېكتىپ ئورتاق ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

① ھەر كىم ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلار كەكە، قالاق، بولقا، بۇلۇڭ مېتىر، ئەنكاپلىغۇچ، شەيتان، ۋاداۋ، چۆپگەز، ئاسما قاتارلىق نۇرغۇن ئەسۋابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

② كوللېكتىپ ئورتاق ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلار گىر، تانا، هارۋا، لاي دېسى، غەلۋىر، شىلانكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3. لاينىڭ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى ۋە ئارىلاشتۇرۇلۇش

(1) لاينىڭ تېخنىكىلىق شەرتلىرى. قوپۇرمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان لاينىڭ چىداملىقلىق دەرىجىسى M2.5، M5.0، M7.5، M10، M15، M20 بولىدۇ. سېمونت لاينى تەشكىل قىلغۇچى ماتېرىياللارنىڭ زىچلىقى $1900kg/m^2$؛ سېمونتلىق ئارىلاشما لاينى تەشكىل قىلغۇچى ماتېرىياللارنىڭ زىچلىقى $1800kg/m^2$ بولىدۇ. قوپۇرمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان لاينىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى تۆۋەن-

www.uyghurkitap.com

ـدىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى؛

| قوپۇرمىنىڭ تۈرى | لايىنىڭ يېيىلىش چانلىق (mm) | قوپۇرمىنىڭ تۈرى | لايىنىڭ يېيىلىش چانلىقى (mm) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئادەتتىكى پىششىق خىشلىق قوپۇرما، يېنىك ئىسكىلىت ماتېرىياللىق بېتوندىن تەييارلانغان كىچىك تىپتىكى كۆتەك خىشلىق قوپۇرما | 70–90<br>60–90<br>60–80 | ئادەتتىكى پىششىق خىشتا قوپۇرۇلغان تۈز كېمىر ئىشىك - دېرىزە بېيىش كاۋاك تام، تۈۋرا ئەگمىنىسى ئادەتتىكى بېتوندىن تەييارلانغان كىچىك تىپتىكى كۆتەك خىشلىق قوپۇرۇلما، گاز بېتونلۇق كۆتەك خىش قوپۇرمىسى | 60–90 |
| | | تاش قوپۇرۇلما | 30–50 |

قوپۇرمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان لايىنىڭ ئايرىلىش دەرىجىسى 30mm دىن كىچىك بولۇشى كېرەك. سېمونت لايدا سېمونتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى $200kg/m^2$ تىن چوڭ بولۇشى؛ سېمونتلىق ئارىلاشما لايدا سېمونت بىلەن باشقا ماتېرىياللارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 300 ~ $350kg/m^2$ ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك.

(2) لايىنىڭ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى. مەشغۇلاتتىن بۇرۇن، لايىھەدىكى تەلەپ بىلەن ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە «نىسبەت كۆرسەتكۈچ تاختىسى» تەييارلاپ، لاي ئېتىش ماشىنىسىنىڭ يېنىدىكى ئاسان كۆرگىلى بولىدىغان جايغا ئورنىتىپ قويۇش كېرەك.

① قۇمنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ).

**جەدۋەل  ھەر $1m^2$ قۇم لايغا كېتىدىغان ماتېرىيال**

| لايىنىڭ تۈرى | سېمونتلىق لاي | | ھاكلىق لاي | ئەنكاپ لېيى | سېمونت- لىق نوتقا چىداملىق لاي |
|---|---|---|---|---|---|
| ھەجىم بويىچە ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى | 1:35 | 1:25 | 1:3 | 1:1 | 1:1:4 |
| M32.5 نومۇرلۇق سېمونت (kg) | 438 | 335 | (0.33) | 812 | 301 |
| ھاك ئۇيۇتمىسى (m2) | | | | | |
| ھاك (kg) | | | 107 | | |
| قۇم | | | | | 1.02 |
| ئوتقا چىداملىق توپا (kg) | 1.12 | 1.21 | 1.09 | 0.81 | 376 |

② چىداملىقلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان سېمونت لايغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ).

**جەدۋەل  ھەر $1m^2$ سېمونت لايغا كېتىدىغان ماتېرىيالنىڭ مىقدارى**

| لايىنىڭ چىداملىق- لىق دەرىجىسى | ھەر كۇپ مېتىر لايغا ئىشلىتىلى- دىغان سېمونتنىڭ مىقدارى (kg) | ھەر كۇب مېتىر لايغا ئىشلىتىلى- دىغان قۇمنىڭ مىقدارى (kg) | ھەر كۇب مېتىر لايغا ئىشلىتىلى- دىغان سۇنىڭ مىقدارى (kg) |
|---|---|---|---|
| M7.5,  M5.0 | 200–230 | $1m^3$ قۇمنىڭ دۆ- ۋىلەنگەندىكى زىچ- لىقى | 270–330 |
| M7.5,  M5.0 | 220–280 | | |
| M7.5,  M5.0 | 280–340 | | |
| M7.5,  M5.0 | 340–400 | | |

ئەسكەرتىش: a. جەدۋەلدىكى سېمونتنىڭ چىداملىقلىق دەرىجىسى 32.5، 32.5 دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بولغان سېمونتنى ئىشلەتكەندە، جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن تۆۋەن چەكنى قوللىنىمىز.

b. سېمونتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى مەشغۇلات سەۋىيەسى بويىچە مۇۋاپىق تاللىنىدۇ.

c. يۇمشاق قۇم ياكى يىرىك قۇم ئىشلەتكەندە سۇ ئىشلىتىش مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن يۇقىرى چەك ياكى تۆۋەن چەك بويىچە بولىدۇ.

d. قويۇقلۇق دەرىجىسى 70 تىن يۇقىرى بولغاندا، سۇ ئىشلىتىش مىقدارى تۆۋەن چەكتىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

e. ئىش مەيدانىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئىسسىق ياكى قۇرغاق پەسىل بولسا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ سۇنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

(3) لاينىڭ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتىنى سىناق تەرىقىسىدە ئارىلاشتۇرۇش، تەڭشەش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش. ① سىناق تەرىقىسىدە ئارىلاشتۇرغاندا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ماشىنا بىلەن ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

② ئارىلاشتۇرۇش ۋاقتى ماتېرىيال سېلىپ بولغان ۋاقىتتىن باشلىغاندا، سېمونت لاي بىلەن سېمونتلىق ئارىلاشما لايىنى ئارىلاشتۇرۇش ۋاقتى 2 مىنۇتتىن كەم بولماسلىقى؛ داشقال كۈلى ۋە قوشۇمچە خۇرۇچلار ئارىلاشتۇرۇلىدىغان لاينىڭ ئارىلاشتۇرۇش ۋاقتى 3 مىنۇتتىن كەم بولماسلىقى لازىم.

③ ھېسابلاپ چىقىلغان ياكى جەدۋەلدىن ئېلىنغان ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى بويىچە سىناق تەرىقىسىدە ئارىلاشتۇرغاندا، ئالدى بىلەن ئارىلاشمىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە قەۋەتلەرگە بۆلۈنۈشىنى ئۆلچەپ چىقىش كېرەك. ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولمىسا ماتېرىيالنى تەڭشەش، تاكى تەلەپكە لايىق بولغىچە شۇنداق قىلىش كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا سىناق تەرىقىسىدە ئارىلاشتۇرۇپ تەڭشەلگەن لايىنى ئۆلچەملىك ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى قىلىپ بېكىتىش كېرەك.

④ سىناق تەرىقىسىدە ئارىلاشتۇرغاندا ئۈچتىن ئارتۇق ئوخشاش بولمىغان ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى ئېلىپ، بۇنىڭ بىرىنى ئۆلچەملىك ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى قىلىش، قالغان ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتىدىكى سېمونتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىنى ئۆلچەملىك ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتىنىڭكىدىن 10% ئاشۇرۇش ياكى كېمەيتىش كېرەك. قويۇقلۇقى، قەۋەتلەر ئايرىلىشى لاياقەتلىك



www.uyghurkitap.com

بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىنغان ئەھۋالدا، سۇ ياكى ئارىلاشمىلارنىڭ مىقدارىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك.

⑤ ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتىنى تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن «قۇرۇلۇش لايىلىرىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتىنى سىناق قىلىش ئۇسۇلى» بويىچە سىناق ئەۋرىشكىسىنى بېكىتىپ، لايىنىڭ چىداملىقلىقىنى ئۆلچەش كېرەك. ئاندىن سىناق تەرىقىسىدە ئارىلاشتۇرۇش چىداملىقلىقىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن، سېمونتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى ئەڭ ئاز بولغان ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتىنى بېكىتىپ چىقىپ، ئۇنى لايىنىڭ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى قىلىش كېرەك.

(4) لاي ئېتىش. ھەر خىل ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتىگە ئاساسەن ھەر خىل چىداملىقلىققا ئىگە بولغان لايلارنى ئېتىپ چىققىلى بولىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت تەلىپى تۆۋەندىكىچە:

① لايغا ئىشلىتىلگەن ھەر خىل ماتېرىياللارنىڭ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن، ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ ئىشلىتىش كېرەك.

② لاي ئېتىلىشتىن بۇرۇن قۇمنىڭ سۇ تەركىبىنى ئۆلچەپ، شۇنىڭغا ئاساسەن سۇ قوشۇش كېرەك.

③ لاي ئېتىلىدىغان قۇمنى چوقۇم تاسقاپ، چوڭ دانچىلىرى ۋە ئەخلەتلىرىنى ئېلىۋېتىلىش كېرەك.

④ ماشىنا بىلەن لاي ئەتكەندە لايىنىڭ ئارىلاشتۇرۇش ۋاقتى كەم دېگەندە 2 مىنۇت بولۇشى، لايىنىڭ رەڭگى تەكشى، ئېقىشچانلىقى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. سېمونت قوشۇلغان لايىنى بىر تەرەپتىن ئارىلاشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن توشۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش، ئادەتتە 3 سائەت ئىچىدە ئىشلىتىپ بولۇش لازىم.

www.uyghurkitap.com

# 4 § . بىخەتەرلىك بىلىملىرى

## 1. ئادەتتىكى بىخەتەرلىك ساۋادلىرى

(1) مەشغۇلات قىلىشتىن ئاۋۋال مەشغۇلات مۇھىتىنىڭ بىخەتەر ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش، يوللارنىڭ راۋانلىقى، ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنىڭ مۇقىملىقى، بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى ۋە قوغدىنىش بۇيۇملىرىنىڭ تولۇق ياكى ئەمەسلىكى قاتارلىقلارنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىش باشلاش كېرەك.

(2) ئېگىز بوشلۇقتا مەشغۇلات قىلىدىغان ئىشچىلار چوقۇم بەدەن تەكشۈرتۈشى، يۇقىرى قان بېسىم، يۈرەك كېسىلى بارلار بۇنداق ئىش ئورۇنلىرىغا چىقماسلىقى لازىم.

(3) ئاستى - ئۈستى ئىككى قەۋەتتە بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلۇش قىلىنغان چاغدا، ئاستى - ئۈستى ئىككى قەۋەتكە مەخسۇس قوغدىنىش توسىقى ياكى باشقا ئايرىش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلىشى كېرەك.

(4) 6 بالدىن يۇقىرى قاتتىق بوران چىققاندا ئېگىزلىكتە مەشغۇلات قىلىش چەكلىنىدۇ.

(5) قىش پەسلىدە ئىش قىلغاندا، ئىش مەيدانى ھەمدە ئىشچىلارنىڭ ئارام ئېلىش ئورۇنلىرى ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە سەھىيە بىخەتەرلىك تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

(6) ترانسفورماتور ئۈسكۈنىلىرىنى باشقۇرمايدىغان خادىملارنىڭ ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈشىنى قاتتىق چەكلەش كېرەك.

(7) ئىش مەيدانى ئورەك قاتارلىق خەتەرلىك جايلارغا توساق ئورنىتىش ياكى ئۈستىنى يېپىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ھەمدە ئۇنى خالىغانچە يۆتكىمەسلىك لازىم. خەتەرلىك جايلارغا چىراغ

ئورنىتىپ كېچىسى ياندۇرۇپ قويۇش كېرەك.

(8) مەشغۇلات قىلغۇچىلار ئىش ئۈستىدە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىشى كېرەك.

(9) ئىش ۋاقتىدا ھاراق ئىچمەسلىك، كېسەل بولۇپ قالسا ئىشقا چىقماسلىق كېرەك.

(10) قاراڭغۇ جايدا ياكى كېچىدە قۇرۇلۇش قىلغاندا يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى يېتەرلىك بولۇشى لازىم.

## 2. تامچىلىقتىكى بىخەتەر مەشغۇلات قائىدىسى

(1) خىش - تاش ئۇللارنى قوپۇرۇش. ① ئۇل قوپۇرغاندا ئاۋۋال كولانغان جاينىڭ مۇقىملىقىنى تەكشۈرۈش، گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈشى مۇمكىن بولغان خەتەرلىك نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن ئىش باشلاش كېرەك.

② چوڭقۇر كولانغان ئۇلنى قوپۇرغاندا، يانتۇلۇق ياساپ ياكى شوتا قويۇپ ئىشلەش، خالىغانچە سەكرەپ چۈشۈشكە، قوپۇرمىغا دەسسەشكە ياكى كولانغان جاينى تىرەپ قويغان تىرەككە دەسسەپ چىقىپ - چۈشۈشكە، ھەتتا قولدىن تارتىپ چىقىرىشقا بولمايدۇ.

③ كولانغان ئۇل ئۈستىدىن ئۆتكەندە، پولات تاختا قويۇپ، كۆۋرۈك ياساپ ئۆتۈش، كۆۋرۈك پۇختا، بىخەتەر بولۇش، كەڭلىكى 1.5 مېتىردىن چوڭ بولۇش كېرەك.

④ كولانغان ئۇل يېنىغا دۆۋىلەنگەن شىبەن تاش ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۇلدىن 2 مېتىر نېرى جايغا قويۇلۇشى، بىرلا ۋاقىتتا بەك كۆپ دۆۋىلەنمەسلىكى لازىم.

⑤ كولانغان ئۇل ئىچىدە مەشغۇلات قىلغۇچىلار پەلەي، بىخەتەرلىك قالپىقى كىيىشى كېرەك.

⑥ كولانغان ئۇلغا تاش ۋە خىش تاشلىغاندا قالايمىقان تاشلىماسلىق، تاشلاشتىن بۇرۇن ئاستىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش

www.uyghurkitap.com

كېرەك.

⑦ تاش يۆتكىگەندە بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش كېرەك.

⑧ ئۇل قوپۇرغۇچىلارنىڭ مەشغۇلات قىلىش ئارىلىقى ئاز دېگەندە 2 مېتىر بولۇشى كېرەك.

⑨ ئۇلنى ھەر 1 مېتىر قوپۇرغاندا تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاندىن داۋاملىق قوپۇرۇش كېرەك.

(2) خىش تام قوپۇرۇش. ① ئىش باشلاشتىن بۇرۇن تاختىپەرنىڭ مۇقىملىقىنى تەكشۈرۈش، قاتتىق شامال، يامغۇردىن كېيىن نىڭ بالداقنىڭ مۇقىملىقىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

② كەكە سېپى مەھكەم ئورنىتىلغان بولۇشى كېرەك. خىش چاققاندا تامغا قارىتىپ چېقىپ، زەخمىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

③ تام ئۈستىدە ماڭماسلىق ياكى تامغا دەسسەپ تۇرۇپ مەشغۇلات قىلماسلىق، قوغداش توسىقىدا ئولتۇرماسلىق كېرەك.

④ ھەربىر جازىدا تام قوپۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تاختىپەردىكى پارچە خىشلارنى پاكىز تازىلاپ، ئاۋايلاپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

⑤ قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلغاندا، ئالدى بىلەن تاختىپەردىكى قارلارنى پاكىز تازىلىۋېتىش، زۆرۈر تېپىلغاندا بىر قەۋەت قۇم ياكى كۈل تۆكۈپ ئىشلەش كېرەك.

⑥ خىش تامنى قوپۇرغاندا ئۆلچەم بويىچە تاختىپەر تۆشۈكى قالدۇرۇش، تاختىپەر تۆشۈكىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 24cm دىن چوڭ بولۇشى كېرەك.

(3) كاھىش ياتقۇزۇش. ① كاھىش ياتقۇزغۇچى يۇمشاق چەملىك ئاياغ كىيىشى، ئەگەر ئۆگزە ياكى يانتۇلۇقى 30 گرادۇستىن چوڭ بولغاندا ھەم سەرقەلەم ئۈستىگە كاھىش ياتقۇزغاندا

بىخەتەرلىك بەلۋېغى تاقاش كېرەك.

② كاھىش ئۇستىگە دەسسەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. كاھىش توشۇغۇچىلارنىڭ ئارىلىقى 6m دىن چوڭ بولۇشى كېرەك.

③ ئۆگزىگە كاھىش دۆۋىلىگەندە سىيرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

④ ئۆگزىنىڭ ئېگىزلىكى 4 مېتىردىن ئاشسا، ئەتراپتىكى تاختىپەرگە قوغدىنىش توسىقى ئورنىتىش ياكى بىخەتەرلىك تورى ئورنىتىپ، ئىشچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

⑤ قىش پەسلىدە كاھىش ياتقۇزغاندا تاختىپەردىكى قىرو - قارلارنى پاكىز تازىلاپ، تېيىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. 6 بالدىن يۇقىرى بوران، قۇيۇق تۇمان، ئۇتتۇراھال يامغۇردا مەشغۇلات قىلماسلىق كېرەك.

# 2 ـ باب خىش قوپۇرمىلارنى قوپۇرۇش

## § 1 . خىش قويۇش ئۇسۇللىرى

خىش سىرتقى يۈزىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن چوڭ يۈز (115mm × 240mm)، ئۇزۇن يان يۈز (53mm × 240mm)، قىسقا يان يۈز (53mm × 115mm) قاتارلىق تەرەپلەرگە بۆلۈنىدۇ. خىش تام قوپۇرۇش جەريانىدا خىشلار ھەر خىل ئۆلچەملەردە چېپىپ ئىشلىتىلىدۇ، بۇلار «پارچە خىش» دېيىلىدۇ. پارچە خىشمۇ يەنە يېرىم خىش، 7 ئۇلۇشلۇك پارچە خىش، 3 ئۇلۇشلۇك پارچە خىش، بويىغا چېقىلغان يېرىم خىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. (1 ـ رەسىمگە قاراڭ)




1 ـ رەسىم خىشنىڭ ئاتىلىشى

قوپۇرمىدىكى ئورنى، سىرتقا چىقىپ تۇرغان يۈزىنىڭ ئوخشىمىلىقىغا ئاساسەن خىش يەنە توغرا خىش، ئۇزۇن خىش، ياتقۇزۇپ قويۇلغان خىش، تىك قويۇلغان خىش، ئۆرە خىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ (2 ـ رەسىم).




2 ـ رەسىم  خىش بىلەن لاي چىكىنىڭ ئاتىلىشى

1. ياتقۇزۇپ قويۇلغان خىش. 2. توغرا لاي چىكى. 3. ئۆرە خىش. 4. تىك لاي چىكى.
5. تىكلەپ قويۇلغان خىش

خىش بىلەن خىش ئارىسىدىكى چاك «لاي چىكى» دېيىلىدۇ. لاي چىكىنىڭ قېلىنلىقى ئەڭ چوڭ بولغاندا 12mm، ئەڭ كىچىك بولغاندا 8mm، كۆپىنچە ھاللاردا 10mm بولىدۇ. لاي بەك قېلىن بولۇپ كەتسە تام يۈزى تەكشى بولماي قالىدۇ. تام گەۋدىسىنىڭ بېسىلىشىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ؛ بەك نېپىز بولۇپ قالسا، خىشلارنى يېپىشتۇرۇش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا تام قوپۇرغاندا لاينىڭ قېلىنلىقى تەكشى بولۇش، مىقدارى تولۇق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

### 1. تام قوپۇرغاندىكى خىش قويۇش ئۇسۇللىرى

(1) بىر باش، بىر يان قويۇش ئۇسۇلى. بىر باش، بىر يان قويۇش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، بىر خىشنى توغرىسىغا، يەنە بىر خىشنى ئۇزۇنىسىغا قويۇپ، 4 تىن 1 خىش ئۇزۇنلۇقتا ئۆتۈشتۈرۈپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل خىش قويۇش ئۇسۇلى تام يۈزىدىكى شەكىلگە ئاساسەن كرېست شەكىللىك چاك باستۇرۇش ۋە

منگەشتۇرمە چەك چىقىرىپ قويۇش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. كىرىست شەكىللىك چاكتە ئۇزۇنىسىغا قويۇلغان خىشلارنىڭ ئاس - تى - ئۈستى ئۇدۇل كەلگەن بولىدۇ. مىنگەشتۇرمە چاك چىقىرىپ قويۇش ئۇسۇلىدا ئۇزۇنىسىغا قويۇلغان خىشلارنىڭ ئاستى - ئۈستى ئۆزئارا يېرىم خىش چاك باسىدۇ (3 - رەسىم بىلەن 4 - رەسىمگە قاراڭ).



3 - رەسىم بىر باش، بىر يان (+شەكىللىك) قويۇش ئۇسۇلى
4 - رەسىم بىر باش، بىر يان (مىنگەشتۇرمە چەك چىقىرىپ) قويۇش ئۇسۇلى

بۇ خىل خىش قويۇش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇ - نىڭدا چەكلەرنىڭ سوزۇلۇشى مۇقىم، قوپۇرمىنىڭ بىر پۈتۈنلىكى ياخشى، مەشغۇلاتى ئاددى، سۈپىتى ياخشى؛ كەمچىلىكى شۇكى تىك يۈنىلىشتىكى چاكلارنى ئۇدۇللاش قىيىن، قوپۇرۇش ئۈنۈمى يۇ - قىرى ئەمەس. بۇ ئۇسۇل بىر خىش ياكى بىر خىشتىن قېلىن بولغان تاملارنى قوپۇرۇشقا ماس كېلىدۇ.




5 ـ رەسىم

(2) ئۈچ يان، بىر باش قىلىپ قويۇش ئۇسۇلى. تام بىر قۇر باش خىش، ئۈچ قۇر يان خىش، بىر قۇر باش خىشنى ئۆزئارا نۆۋەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق قوپۇرۇلىدۇ. ئاساسىي قائىدىسى ئاستى ـ ئۈستىدىكى يان خىشلار يېرىم خىش چىشىلىتىپ چاك بولىدۇ، يان خىش بىلەن باش خىش 4 تىن 1 خىش چىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا تام بۇرجەكلىرىگە چوڭ يېرىم خىش قويۇشنىڭ ھاجىتى بولمىغاچقا، ئىش سۈرئىتى تېز بولىدۇ، بىراق تامنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، تەكشىلىكى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇل ئەنگلاپلىق تام قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. تام يۈزى تۈز، كۆركەم چىقىدۇ (6 ـ رەسىم).



6 ـ رەسىم ئۈچ يان، بىر باش قويۇش ئۇسۇلى

(3) بەش يان، بىر باش قويۇش ئۇسۇلى. بەش يان، بىر باش قو-
ۈش ئۇسۇلى يۇقىرىقى ئۈچ يان، بىر باش قويۇش ئۇسۇلىغا ئوخ-
شىپ كېتىدۇ. بەش يان يېرى ئىككى باش خىش ئارىلىقىدىكى
يان خىش بەش قۇر بولىدۇ. تامغا قارىغاندا بىر قۇر باش خىش
خىش قۇر يان خىش بىر دەۋر قىلىدۇ (7 ـ رەسىم).



7 ـ رەسىم بەش يان، بىر باش قويۇش ئۇسۇلى

يانچە قويۇش ئۇسۇلى. يېرىم خىش (115mm) قېلىنلىقتىكى
تاملارنى قوپۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەربىر خىش يان ئۆز-
ارا يېرىم خىش چىشلەشتۇرۇپ چاك باستۇرىلىدۇ. (8 ـ رەسىم)



8 ـ رەسىم پۈتۈنلەي يانچە قويۇش ئۇسۇلى

پۈتۈنلەي باشچە قويۇش ئۇسۇلى. بۇخىل ئۇسۇل بىر خىش
كىكى تاملارنى قوپۇرۇشتا، كۆپىنچە يۇمىلاق شەكىلدىكى
يالارنى قۇرۇلمىلارنى قوپۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئاستى ـ

ئۇستىدىكى خىشلار 4 تىن 1 خىش چىشلەشتۇرۇپ چاك باستۇرۇلىدۇ. (9 ـ رەسىم)



9 ـ رەسىم پۇتۇنلەي باشچە قويۇش ئۇسۇلى

5. ئۇچتە يەتتە قويۇپ چاك باستۇرۇش ئۇسۇلى. ئۇچتە يەتتە قويۇپ چاك باستۇرۇش دېگىنىمىز، بىر قۇردا ئۇچ دانە يان خىش بىلەن بىر دانە باش خىشنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇستىن قۇردىكى باش خىش ئاستىنقى قۇردىكى ئىككىنچى يان خىشنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاستى ـ ئۇستىدىكى خىشلار ئۆزئارا 4 تىن 1 خىش چىشلىشىپ چاك باسىدۇ. (10 ـ رەسىم)



10 ـ رەسىم ئۇچتە يەتتە قويۇپ چاك باستۇرۇش ئۇسۇلى

بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئارتۇقچىلىقى: تامنىڭ ئالدى ئارقىسى ئوخشاش تەكشى چىقىدۇ. سۇۋاق لايىنى تېجىگىلى بولىدۇ. كەمچى

www.uyghurkitap.com

ىكى: دېرىزە ئورنى قويۇشقا توغرا كەلگەندە ئاۋارىچىلىقى كۆپ، ش ئۈنۈمى تۆۋەن، باش خىشنىڭ سانى ئازراق بولغانلىقتىن، امىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ياخشى بولمايدۇ.

(6) تۈۋرۈكنىڭ قوپۇرۇلۇش ئۇسۇلى. كۆپ ئۇچرايدىغان خىش تۈۋرۈكنىڭ ئۆلچىمى 49cm × 36cm ، 62cm × 49cm ، 24cm × 24cm ، 36cm × 36cm ، 49cm × 49cm قاتارلىق ئۆلچەملەردە بولىدۇ. چاسا تۈۋرۈك قوپۇرۇش ئۇسۇلى ئۈچ خىل بولىدۇ (11 ـ رەسىم).




11 ـ رەسىم چاسا تۈۋرۈكنىڭ قوپۇرۇلۇشى

(7) 18cm لىق تامغا خىش قويۇش ئۇسۇلى. ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان ئىچكى تاملارنىڭ كۆپىنچىسى كەڭلىكى 18cm لىق خىش تام بولىدۇ. خىش قويۇش ئۇسۇلى: ئىككى قۇر خىش يانچە قويۇلغاندىن كېيىن، يېنىغا تىكلەپ بىر قۇر خىش قويۇلىدۇ. ئىككى قۇر يانچە قويۇلغان خىش يېرىم خىش چىشلىتىپ چاك باستۇرۇ-

لىدۇ، تىكلەپ قويۇلغان خىش بىلەن يانچە قويۇلغان خىش 4 تىن
1 ياكى يېرىم خىش چىشلىتىپ چاك باستۇرۇلىدۇ (12 ـ رە
سىم).



بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ كەمچىلىكى: ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، تامنىڭ
بىر پۈتۈنلۈكى ياخشى ئەمەس.

(8) 30cm لىق خىش تامنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى. 30cm لىق خىش
تامنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى: بۇنىڭدا ئىككى قۇر خىش بىر قەۋەت
بولىدۇ، تام قوپۇرۇش جەريانىدا، ياتقۇزۇپ قويۇلغان خىش بىلەن
تىكلەپ قويۇلغان خىشنىڭ ئورنى ئالمىشىپ ماڭىدۇ (13 ـ رە
سىم).

www.uyghurkitap.com



13 ـ رەسىم 30cm لىق تامغا خىش قويۇش ئۇسۇلى

(9) تامدىن تۇۋرۇك چىقىرىپ خىش قويۇش ئۇسۇلى. تامدىن تۇۋرۇك چىقىرىشنىڭ تۈرى خېلى كۆپ، كۆپ ئۇچرايدىغىنى 240cm، 370cm، 490cm لىقتىن ئىبارەت. ئۇنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى 14 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلدى.




14 ـ رەسىم تامدىن تۇۋرۇك چىقىرىپ خىش قويۇش ئۇسۇلى

a. تام تۇۋرۇكنىڭ نەزەرىيىۋى چىقىرىلىشى b. تام تۇۋرۇكنىڭ ئادەتتىن ـ تاش چىقىرىلىشى

(10) «چاسا» شەكىلللىك تام بىلەن «T» شەكىلللىك تامنى قو-پۇرۇش ئۇسۇلى. «چاسا» شەكىلللىك تام بىلەن «T» شەكىللىك تام 15 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولۇپ، دائىم سىرتقى تام بىلەن ئىچكى تام ، ئىچكى تام بىلەن ئىچكى تامنى تۇتاشتۇر-غان ۋاقىتتا دائىم ئۇچرايدىغان بىر خىل ئەھۋالدۇر. بۇنىڭدا، چاك باستۇرۇشقا، چىشلەشتۇرۇشكە، بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ئالاھىدە تەلەپ قويۇلىدۇ.



a b

15 ـ رەسىم «چاسا» شەكىلللىك تام بىلەن «T» شەكىلللىك تامنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى

a. «چاسا» شەكىلللىك تامنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى b. «T» شەكىلللىك تام-نىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى

## 2. تام قوپۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەشغۇلات قائىدىلىرى

(1) ۋاداۋدا لاي ئېلىپ خىش قويۇش ئۇسۇلى. بىر قولدا ۋاداۋنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولدا خىش تۇتۇلىدۇ. ۋاداۋ بىلەن لاي دېسىدىن يېتەرلىك لاي ئېلىپ، ئاندىن لاينى خىشنىڭ تامغا چاپلىنىدىغان يۈزى بىلەن باش يۈزىگە چۇشۇرۇپ تەكشى يېيىتىمىز. ئاخىرىدا خىشنى قويۇپ، ئالدىغا ئىتتىرىپ بېسىپ تانىغا بويسۇندۇرۇپ توختىتىمىز.

بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا لاي تەكشى يېپىشتىلىدۇ، چاك لاي بىلەن تولىدۇ، تام قوپۇرۇش سۈپىتى ياخشى بولىدۇ. بىراق، بىر خىشنى قويۇش ئۈچۈن ئالتە ئىش تەرتىپى بېسىپ ئۆتۈلىدىغان بولغاچقا، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، ئەمگەك سەرپىياتى يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل خىش قويۇش ئۇسۇلى خىش ئەگمە، بالكون، ئوچاق قاتارلىق ئالاھىدە بۆلەكلەرنى قوپۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

(2) لاينى يېپىشتۇۋېلىپ خىش قويۇش ئۇسۇلى. لاينى يېپىشتۇ-ۋېلىپ خىش قويۇش ئۇسۇلى بىر قوللاپ خىش قويۇش ئۇسۇلى ۋە قوش قوللاپ خىش قويۇش ئۇسۇلى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

① بىر قوللاپ خىش قويۇش ئۇسۇلى. بىر قوللاپ خىش قويۇش ئۇسۇلى «ئۈچ يان بىر باش قويۇش ئۇسۇلى» بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. تامچى ئادەتتە قوپۇرۇلىۋاتقان يۆنىلىشنى بويلاپ ئارقى-غا يېنىپ تۇرۇپ خىش قويىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ئارقىمۇئارقا ئىشلەش-كە، ئىككى ئادەم بىرلىكتە ئىشلەشكىمۇ بولىدۇ، ئۈنۈمى ئىش ئۈ-نۈمى «ئۈچ يان بىر باش قويۇش ئۇسۇلى» نىڭكىدىن يۇقىرى بو-لىدۇ(16 ـ رەسىم a غا قاراڭ).



16 ـ رەسىم لاي يېپىشتۇۋېلىپ خىش قويۇش ئۇسۇلى

a. بىر قوللاپ خىش قويۇش ئۇسۇلى. b. قوش قوللاپ خىش قويۇش ئۇسۇلى

② قوش قوللاپ خىش قويۇش ئۇسۇلى. قوش قوللاپ خىش قو-يۇش ئۇسۇلى بىر قوللاپ خىش قويۇش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئوخ-شايدۇ (15 ـ رەسىم b دە كۆرسىتىلگەندەك). قوش قوللاپ خىش قويۇش ئۇسۇلىدا لاي بەك ئۇزۇن يېيىلىۋېلىنىدىغان بولغاچقا خىشنى ئارقىمۇئارقا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا تام قانچە ئۇزۇن بولسا ئىش ئۈنۈمى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، دېرىزە ئارىلىقلىرى، خىش دوكۇر، خىش تۈۋرۈككە ئوخ-شاش قىسقا ئارىلىقلارنى قوپۇرۇشتا بۇ ئۇسۇل قوللىنىلمايدۇ.

(3) «ئۈچ يان، بىر باش قويۇش ئۇسۇلى» بىلەن خىش قويۇش. «ئۈچ يان، بىر باش قويۇش ئۇسۇلى» يەنە بىر قالاق لاي سېلىپ بىر خىش قويۇش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئارتۇق-چىلىقى: خىش ئارىلىقىدىكى چاكلەر لاي بىلەن تولۇپ، خىشلار-نىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ياخشى بولىدۇ، تام يۈزى پاكىز، سۈپەتلىك بولىدۇ. كەمچىلىكى: بىر ئادەم يەككە ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئىشلىگەن ۋاقىتتا خىش ئېلىش، لاي يېيىتىش، ئېگىلىش، بۇ-رۇلۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەر كۆپ بولغاچقا ئىش ئۈنۈمى تۆۋەنرەك بولىدۇ.

بۇ ئۇسۇل دېرىزە ئارىلىقلىرى، تۈۋرۈك، دوكۇر، تۇرخۇنلارنى قوپۇرۇشقا ماس كېلىدۇ.

① قالاق بىلەن لاي ئېلىش. تامچى تامغا قىيپاش ھالەتتە تۇ-رۇپ ئارقىغا يېنىپ خىش قويىدۇ. ئاۋۋال قالاق بىلەن چېلەكتىكى لاينىڭ يۇزىنى تەكشىلىۋېلىپ، ئاندىن قالاق بىلەن بىر خىش قويۇشقا يېتەرلىك لاي ئېلىپ خىش قويۇلىدىغان ئورۇنغا يېيىپ، ئارقىدىنلا خىش قويۇلىدۇ. خىشنى ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا كېيىنكى قېتىم ئېلىنىدىغان خىشنى تەييارلاپ قويۇش كېرەك.

② لاي يېيىتىش. لاي خىش قويۇلىدىغان ئورۇنغا توغرا يېيە-

② قوش قوللاپ خىش قويۇش ئۇسۇلى. قوش قوللاپ خىش قو-
يۇش ئۇسۇلى بىر قوللاپ خىش قويۇش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئوخ-
شايدۇ (15 ـ رەسىم b دە كۆرسىتىلگەندەك). قوش قوللاپ خىش
قويۇش ئۇسۇلىدا لاي بەك ئۇزۇن يېيىتىۋېلىنىدىغان بولغاچقا
خىشنى ئارقىمۇئارقا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ئۇسۇلنى
قوللانغاندا تام قانچە ئۇزۇن بولسا ئىش ئۈنۈمى شۇنچە يۇقىرى
بولىدۇ، دېرىزە ئارىلىقلىرى، خىش دوكۇر، خىش تۈۋرۈككە ئوخ-
شاش قىسقا ئارىلىقلارنى قوپۇرۇشتا بۇ ئۇسۇل قوللىنىلمايدۇ.
(3) «ئۈچ يان، بىر باش قويۇش ئۇسۇلى» بىلەن خىش قويۇش.
«ئۈچ يان، بىر باش قويۇش ئۇسۇلى» يەنە بىر قالاق لاي سېلىپ
بىر خىش قويۇش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئارتۇق-
چىلىقى: خىش ئارىلىقىدىكى چاكلەر لاي بىلەن تولۇپ، خىشلار-
نىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ياخشى بولىدۇ، تام يۈزى پاكىز، سۈپەتلىك
بولىدۇ. كەمچىلىكى: بىر ئادەم يەككە ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ،
ئىشلىگەن ۋاقىتتا خىش ئېلىش، لاي يېيىتىش، ئېگىلىش، بۇ-
رۇلۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەر كۆپ بولغاچقا ئىش ئۈنۈمى تۆۋەنرەك
بولىدۇ.
بۇ ئۇسۇل دېرىزە ئارىلىقلىرى، تۈۋرۈك، دوكۇر، تۇرخۇنلارنى
قوپۇرۇشقا ماس كېلىدۇ.
① قالاق بىلەن لاي ئېلىش. تامچى تامغا قىيپاش ھالەتتە تۇ-
رۇپ ئارقىغا يېنىپ خىش قويىدۇ. ئاۋۋال قالاق بىلەن چېلەكتىن-
كى لاينىڭ يۈزىنى تەكشىلىۋېلىپ، ئاندىن قالاق بىلەن بىر خىش
قويۇشقا يېتەرلىك لاي ئېلىپ خىش قويۇلىدىغان ئورۇنغا يېيى-
تىپ، ئارقىدىنلا خىش قويۇلىدۇ. خىشنى ئېلىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا كېيىنكى قېتىم ئېلىنىدىغان خىشنى تەييارلاپ قويۇش
كېرەك.
② لاي يېيىتىش. لاي خىش قويۇلىدىغان ئورۇنغا توغرا يېيى-

لىشى، يېيىتىلغان لايىنىڭ قېلىنلىقى ھەمدە يېيىتىلغان دائى-
رىسى دەل بىر دانە خىشنى قوپۇرۇشقا يېتەرلىك بولۇشى كېرەك.
③ خىشنى نىقتاپ قويۇش. لاي يېيىتىلغاندىن كېيىن، سول قولدا خىشنى ئېلىپ ئالدىنقى قېتىم قويۇلغان خىشتىن 30–40mm بېرىسىدىن باشلاپ تۈز پېتى لايغا ئاستا تەگكۈزۈپ، خىشنىڭ بېشى بىلەن لايىنى ئازراق ئىتتىرىپ، ئالدىنقى قېتىم قويۇلغان خىشقا نىقتاپ ئاپىرىپ چاكنى لاي بىلەن تولدۇرغاندىن كېيىن خىشنى بېسىپ توختىتىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قالاق بىلەن ئېقىپ چىققان لايىنى قىرىپ ئېلىپ، تىك چاك ياكى لاي يېسىغا تاشلايمىز.

خىشنى بېسىپ توختاتقاندا تانا بىلەن تام قىرىغا قاراپ توغ-رىلاپ تۇرۇپ بېسىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سول قولنىڭ ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن ئاستى - ئۈستىدىكى خىشنىڭ قىرىنى سىيلاپ قويۇلغان خىش بىلەن تام يۈزىنى بىر تەكشىلىك-كە كەلتۈرۈش كېرەك.

خىشنى بېسىپ توختىتىش ئۈچۈن لاي يېتەرلىك بولۇشى كې-رەك. خىش ئۈستىگە يېيىتىلغان لايىنى بېسىش كۈچىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى لايىنىڭ قېلىن ياكى نېپىزلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نېپىز بولسا ئاز، قېلىن بولسا كۆپ كۈچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە خىشنى ئالدى - كەينىگە، ئوڭ - سولغا سىلىكىپ سىيرىشقا، تاكى ئاستى ۋە ئالدىدىكى خىش بىلەن بىر تەكشىلىككە كەلگۈچە مۇشۇ ھەرىكەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياندىكى ئاساسىي تەلەپ: تەكشى قويۇش، ئاستا قو-يۇش، ئاستا بېسىشتىن ئىبارەتتۇر(17 - رەسىمگە قاراڭ).



17 ـ رەسىم  لاي يېيىتىش ۋە خىشنى بېسىپ نىقتاپ قويۇش

(4) «2ـ3ـ8ـ1» «1ـ8ـ3ـ2» خىش قويۇش ئۇسۇلى. «1ـ8ـ3ـ2» خىش قويۇش ئۇسۇلى دېگەننىڭ مەنىسى: ئىككى خىل قەدەم ئېلىش ئۇسۇلى، ئۈچ خىل تۇرۇش ئۇسۇلى، سەككىز خىل لاي يېيىتىش ئۇسۇلى، بىر خىل نىقتاپ قويۇش ھەرىكىتى دېگەنلىك بولىدۇ.

① ئىككى خىل قەدەم ئېلىش ئۇسۇلى. ئىككى خىل قەدەم ئېلىش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، بىر پۇتتا كۆچەپ تۇرۇپ خىش قويۇش ۋە ئىككى پۇتنى جۇپلەپ تۇرۇپ خىش قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى تامچى تامغا قىيپاش ھالەتتە ئارقا پۇتنى لاي دېسىغا يېقىن قىلىپ تۇرىدۇ، ھەرىكەت قىلغاندا ئېغىرلىقىنى ئالدى ـ ئارقا پۇتقا يۆتكەپ تۇرۇپ لاي ئېلىش، خىش ئېلىش، لاي يېيىتىش، خىش بېسىش ئىشلىرىنى قىلىدۇ. بۇنىڭدا بىر قەدەمدە 1 مېتىر ئەتراپىدىكى تامغا خىش قويغىلى بولىدۇ. ئاندىن قەدەمنى ئارقىغا سەل يۆتكەپ ئىككى پۇتنى جۇپلەپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن تامدىن

يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جايىنى قوپۇرىدۇ. ئاندىن دەسلەپتە ئارقىدا تۇرغان پۇتنى يەنە بىر لاي دېسى يېنىغا يۆتكەپ، بىرىنچى قېتىمقىدەك ھالەتتە تۇرۇپ 1.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تامنى قوپۇرىدۇ. شۇڭا لاي دېسىنىڭ ئارىلىقى 1.5 مېتىر بولۇشى، ئۈچ لاي دېسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى ئورۇنغا خىش دۆۋىلىنىشى كېرەك. مەشغۇلات قىلىدىغان ئورۇننىڭ كەڭلىكى يېرىم مېتىر بولسا بولىدۇ.

② ئۈچ خىل بەدەن ھالىتى. ئۈچ خىل بەدەن ھالىتى دېگىنىمىز، يانچە ئېگىلىش، بىر پۇتتا كۆچەپ تۇرۇپ ئېگىلىش، ئىككى پۇتنى جۈپلەپ تۇرۇپ ئېگىلىشنى كۆرسىتىدۇ(18 ـ رەسىمگە قاراڭ).




18 ـ رەسىم ئۈچ خىل بەدەن ھالىتىدە تۇرۇپ تام قوپۇرۇش
f,b,a: بىر پۇتتا كۆچەپ تۇرۇپ ئېگىلىش؛ c: ئىككى پۇتنى جۈپلەپ تۇرۇپ ئېگىلىش؛ e,d: يانچە ئېگىلىش.

③ سەككىز خىل لاي قۇيۇش ئۇسۇلى. تام قوپارغاندا خىشنىڭ تامدىكى ئورنى ۋە ھەر خىل قويۇلۇش شەكلىگە قاراپ لاي قۇيۇش ئۇسۇلىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆزگىرىدۇ. يەنى، يان خىش، باش



19 ـ رەسىم سەككىز خىل لاي قۇيۇش ئۇسۇلى

ـش، بۇلۇڭ خىش قاتارلىقلارنى قوپارغاندا شۇنىڭغا مۇناسىپ
ـكىلدىكى لاي قۇيۇش ئۇسۇلى بولىدۇ.

④ نىقتاپ قويۇش ئۇسۇلى. نىقتاپ قويۇش ئۇسۇلى 2 ـ 1 ـ 22 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلدى. بۇنىڭدا خىشنى لايغا پاتۇرۇپ تۇرۇپ ـلدىغا نىقتاپ، تىك چاكىنىڭ لېيىنى ئىتتىرىپ ئالدىنقى خىشقا ـقاپ توختىتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىشنى بېسىپ تانىغا ـيۇندۇرىمىز (20 ـ رەسىمگە قاراڭ).



20 ـ رەسىم خىشنى نىقتاپ تۇرۇپ قويۇش

## 3. خىش قوپۇرۇشتىكى باشقا ئاساسىي مەشغۇلاتلار

① خىش تىزىش، دۆۋىلەش. خىش قويىدىغان ئورۇننى بەلگى ـ ـلىغاندىن كېيىن، تامنى بويلاپ بىر بۇرجەكتىن يەنە بىر بۇر ـ ـكىكچە بولغان ئارىلىقتا خىشلارنى ئالدىن تىزىۋېلىش — خىش ـزىش، دۆۋىلەش دېيىلىدۇ.

② بۇلۇڭنى قوپۇرۇۋېلىش، تانا تارتىش. تام قوپۇرۇش جەريا ـ ـدا ئاق يىپتىن تانا تارتىلىپ، خىش تانىغا بويسۇندۇرۇلۇپ قو ـ ـيۇلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا تامنىڭ ئەگرى ـ مايماق قوپۇرۇلۇپ قې ـ ـلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. تانا تامنىڭ ئىككى بېشىدىن تارتى ـ ـلىدۇ. بۇ، بۇلۇڭ تامنى قوپۇرۇۋېلىش، تانا تارتىش دېيىلىدۇ.

بۇلۇڭ تامغا تۈز، گىرۋەكلىرى تولۇق خىش تاللاپ ئىشلىتى ـ ـلىدۇ. بۇلۇڭ تام ھەر قېتىمدا 5 قۇردىن ئارتۇق قوپۇرۇلمايدۇ،

www.uyghurkitap.com

قوپۇرۇش جەريانىدا ھەر ۋاقىت ئاسما قويۇپ، تامنىڭ تىكلىكى تەكشۈرۈلۈشى، قىيىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ۋاقتىدا بۇزۇپ ئوڭشىلى كېرەك.

بۇلۇڭ تام ئۆلچەم گىرۋىدىكى خىش قەۋىتى ۋە ئېگىزلىككە توغرىلىنىپ قوپۇرۇلۇشى، گورىزونتال چاكلىرى بىردەك تەكشى بولۇشى كېرەك.

تانا تارتىپ خىش قويغاندا تامنىڭ تەكشىلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بىر خىش قېلىنلىقتىكى تامنىڭ بىر تەرىپىگە تانا تارتىش كۇپايە، بىر خىشتىن قېلىن بولغان تاملارنىڭ ئىككى تەرىپىگە تانا تارتىش كېرەك. تانا تام بۇلۇڭىغا بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئىنچىكە سىم بىلەن تىرىگۈچ ياساپ، تامدىن 2cm ئارد-لىق قالدۇرۇپ تارتىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا تانا خىش ئارىسىدىكى چاكقا كىرىپ قالسا بولمايدۇ (21 ـ رەسىمگە قاراڭ).



(1) (2)

21 ـ رەسىم

(3) قۇلاق قالدۇرۇش. قۇلاق قالدۇرۇشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل شەكلى ۋە ئۇسۇلى بار:

① پەلەمپەي قۇلاق. ئىچكى ۋە سىرتقى تامنى بىرلا ۋاقىتتا قوپۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا، سىرتقى تامنى قوپۇ-رۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئىچكى تام بىلەن تۇتىشىدىغان جايىغا كېيىن ئىچكى تامنى قوپۇرغان ۋاقىتتا ئىچكى ۋە سىرتقى تامنىڭ چاك باستۇرۇپ تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، پەلەمپەي شەكىللىك قۇلاق قالدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 1.2 مېتىردىن تۆۋەن بو

...ۇشى، ئۇزۇنلۇقى تام ئېگىزلىكىنىڭ 2/3 دىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك (22 ـ رەسىمدىكىدەك).




22 ـ رەسىم پەلەمپەي قۇلاق

② چىشلىق قۇلاق. شارائىت يار بەرمىگەن ياكى ئېچكى تام ...رقەدەر قىسقا بولغان ئەھۋالدا چىشلىق قۇلاق قالدۇرۇلىدۇ. ئۇ-...ڭ جەريانى پەلەمپەي قۇلاقنى قالدۇرۇش جەريانى بىلەن ئاسا-...سەن ئوخشاش بولىدۇ (23 ـ رەسىمگە قاراڭ).




23 ـ رەسىم چىشلىق قۇلاق

چىشلىق قۇلاقنىڭ سىرتقى تامنىڭ ئېچكى يۈزىدىن چىقىپ ...ۇرۇش ئۇزۇنلۇقى 120mm دىن چوڭ بولۇشى، يەنە بىر خىشنىڭ چىقىپ تۇرۇش ئۇزۇنلۇقى 1/4 خىش بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ...ۇغاندا ئېچكى تامنى قوپۇرغاندا سىرتقى تام بىلەن ئېچكى تامنى ...ىلەشتۇرۇپ چاك باستۇرغىلى بولىدۇ.

## § 2 . خىش ئۆلنى قوپۇرۇش

### 1. خىش ئۆل قوپۇرۇش تېخنىكىسى

خىش ئۆلنى قوپۇرۇشقا ئادەتتىكى سېغىز توپىلىق خىش، سېمونت لايلىق خىش، قۇم خىش قاتارلىق خىشلار ئىشلىتىلىدۇ. خىش ئۆلغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ ئەڭ تۆۋەن چىداملىقلىقى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

جەدۋەل خىش ئۆلغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ ئەڭ تۆۋەن چىداملىقلىقى

| ئۆل توپىسىنىڭ نەملىك دەرىجىسى | خىشنىڭ چىداملىقلىق دەرىجىسى | | سېمونتلىق لاينىڭ چىداملىقلىق دەرىجىسى |
|---|---|---|---|
| | قاتتىق سوغاق رايون | ئادەتتىكى رايون | |
| سەل نەمرەك | MU10 | MU10 | M5.0 |
| بەك نەم | MU15 | MU10 | M7.5 |
| سۇغا تويۇنغان | MU20 | MU15 | M10 |

ئەسكەرتىش: 1 ـ دەرىجىلىك بىخەتەرلىك دەرىجىسى ياكى لايىھەدىكى ئىشلىتىلىش چېكى 50 يىلدىن ئاز بولمىغان ئۆي ـ ئىمارەتلەرگە نىسبەتەن، جەدۋەلدىكى ماتېرىياللارنىڭ چىداملىقلىق دەرىجىسىنى بىر دەرىجە ئاشۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك.

خىش ئۆل پەلەمپەيسىمان قوپۇرۇلىدۇ، پەلەمپەي تېگىگە نەملىكتىن ساقلاش قەۋىتى قويۇلىدۇ. پەلەمپەيسىمان ئۆل يەنە پەلەمپەي قەۋەتلىرى تەڭ ئۆل ۋە پەلەمپەي قەۋەتلىرى تەكشىسىز ئۆل دەپ ئايرىلىدۇ.

پەلەمپەي قەۋەتلىرى تەڭ ئۆل ھەر ئىككى قۇردا بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككىلا تەرەپتىن 60mm دىن تارايتىلىدۇ؛ پەلەمپەي قەۋەتلىرى تەكشىسىز ئۆل ئىككى قۇر قوپۇرۇپ بىر تارايتىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر قۇر قوپۇرۇپ يەنە تارايتىلىدۇ، ھەربىر قەدەمنىڭ تارىيىشى ئوخشاش بولۇپ، ئىككى تەرەپتىن 60mm دىن تارىيىپ ماڭىدۇ (24 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك).




24 ـ رەسىم پەلەمپەيسىمان خىش ئۆلنىڭ ئىككى خىل شەكلى
a. پەلەمپەي قەۋەتلىرى تەڭ ئۆل. b. پەلەمپەي قەۋەتلىرى تەكشىسىز ئۆل

پەلەمپەيسىمان ئۆلنى قوپۇرۇشتا بىر يان بىر باش قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئەمما ھەربىر پەلەمپەي باسقۇچىدىكى خىش جوقۇم باش پېتى چاك باستۇرۇپ قويۇلۇشى كېرەك.

C10 نومۇرلۇق بىتون ياكى 7:3 نىسبەتلىك ھاك توپىسى بىلەن ئۆل ئاستىغا سېلىنچا قەۋەت ياسىلىدۇ. پارچە تاشلىق بىتون ئىشلەتكەندە، سېلىنچا قەۋەتنىڭ ئېگىزلىكى 20cm دىن چوڭ بولىدۇ؛ ھاك توپىسى ئىشلەتكەندە بولسا 30cm بولىدۇ.

خىش ئۆلنى قوپۇرۇش جەريانى تۆۋەندىكى 10 باسقۇچ بويىچە تەپسىلىي بېرىلىدۇ:

(1) ئۇل قوپۇرۇشتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈش. ئۇلنى قوپۇرۇشتىن ئاۋۋال قوپۇرۇش ئەسۋابلىرىنى تولۇق تەييارلاش كېرەك.

(2) سېلىنچا قەۋەتنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە تازىلاش.

① سېلىنچا قەۋەتنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش. بۇنىڭدا سېلىنچا قەۋەتنىڭ سۈپىتى، ئېگىزلىكى ھەمدە ئورنى تەكشۈرۈلىدۇ. سېلىنچا قەۋەت لايىھەدىكى نورمال ئېگىزلىكتىن 20mm دىن ئارتۇق پەس بولۇپ قالسا، C10 نومۇرلۇق ئۇششاق تاشلىق بېتون بىلەن تەكشىلەش كېرەك؛ سېلىنچا قەۋەت لايىھەدىكى ئېگىزلىكتىن ئېگىز، ئەمما بەلگىلىمىدىكى رۇخسەت قىلىنغان دائىرىدە بولسا، ئېگىز چىققان جايلىرىنى قالاق بىلەن چېپىپ تەكشۈرۈۋېلىش كېرەك.

② سېلىنچا قەۋەتنىڭ ئۈستىنى پاكىز تازىلاش كېرەك.

(3) ئۇلغا قارا سېلىش. ① كونتروللاش تاختىسىدىكى ئۇلنىڭ ئوق سىزىقى بەلگە قىلىنغان نۇقتىدىن تانا تارتىلىدۇ ھەم ئاسما قويۇلىدۇ.

② سېلىنچا قەۋەت ئۈستىگە تارتىلغان تانا ئارقىلىق سېلىنچا قەۋەت يۈزىدىكى ئوق ئورنى تېپىپ چىقىلىدۇ.

③ ئۇل چېرتيوژدا كۆرسىتىلگەن ئۆلچەم بويىچە، پولات گاز بىلەن ئوق سىزىقتىن ئىككى يان سىزىققىچە بولغان ئارىلىق ئۆلچەپ چىقىلىپ قارا سېلىنىدۇ. ئەگەر سېلىنچا قەۋەتكە قارا سېلىشقا مۇمكىن بولمىسا، تانا تارتىسىمۇ بولىدۇ (قارا سېلىش ئۇسۇلى 25 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلدى).




25 ـ رەسىم تام ئۇلىغا قارا سېلىش

1. تامنىڭ ئوق سىزىقى. 2. تامنىڭ يان سىزىقى. 3. ئىشىك دېرىزىلەرنىڭ ئورنى. 4. كونتروللاش تاختىسى

(4) ئۆلنىڭ قۇر سانىنى لايىھەلەپ بېكىتىش. ئاۋۋال ئۆلنىڭ ئۆلچەم گېزىنى ئېچكى ـ تاشقى تام ئۆلنىنىڭ تۇتاشقان ئورنى ۋە پەلەمپەي ئورنىغا تىكلەپ تۇرغۇزۇش كېرەك. ئۆل تاپىنىدىكى خىشنىڭ قۇر سانى، ئۆل تاپىنىنىڭ پەلەمپىيى، ئۆلنىڭ ئاستىن-قى نورمال ئېگىزلىكى، ئۈستۈنكى نورمال ئېگىزلىكى ھەمدە نەم-لىكتىن ساقلاش قەۋىتى قاتارلىقلارنىڭ ئورنى چوقۇم ئۆل ئۆل-چەم گېزىگە بەلگە قىلىنىشى كېرەك. ئاندىن ئۆلچەم گېزى چېرتيۇژدىكى نورمال ئېگىزلىك بويىچە مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

(5) خىش تىزىش. ئۆلنىڭ يان سىزىقى ۋە بەلگىلەنگەن قوپۇ-رۇش ئۇسۇلى ۋە ئوخشاش بولمىغان چىداملىقتىكى لايغا ئاسا-سەن، بىر بۆلەك ئارىلىقتا خىش قۇرۇق تىزىلىدۇ. تىك چاكنىڭ كەڭلىكى مۇشۇ ۋاقىتتا ئالدى بىلەن ئويلىشىلىدىغان مەسىلە بو-لۇپ، ئۇ بىر يان بىر باش قويۇش ئۇسۇلى بويىچە تىزىلىدۇ، ئاس-تى ـ ئۈستىدىكى خىشلارنىڭ چاك بېسىش ئارىلىقى 1/4 خىشقا يېتىشى كېرەك. ئۆل بۇرجىكى چوڭ يېرىم خىشتا قوپۇرۇلسا، تىك چاكنىڭ ئۈستمۇ ئۈست چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بو-لىدۇ، ئۆل تاپىنىغا خىش تىزىش ئۇسۇلى 26 ـ رەسىمدە كۆرسى-تىلگەندەك بولىدۇ.




26 ـ رەسىم ئۆلغا خىش تىزىش ئۇسۇلى

ئەسكەرتىش: رەسىمدىكى a ، b ، c ، d ، e ، f لار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاستىدىن ئۈستىگە قوپۇرۇلۇپ چىققان 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ .... قۇر خىشلارنى تىزىش ئۇسۇلىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(6) ئۇل بۇرجىكىنى قوپۇرۇۋېلىش. ئۇل بۇرجىكىنى قوپارغاندا ئەڭ كۆپ بولغاندا ھەر قېتىمدا 5 قۇر خىش قويۇش كېرەك ھەمدە ئاسما ئارقىلىق تىكلىكى ۋە تەكشىلىكىنى تەكشۈرۈش، ئۆلچەم گېزى ئارقىلىق خاتالىق پەرقىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. ئۇلنى قوپۇرۇش جەريانىدا بۇرجەكتىكى ئاسما ھەر قېتىمدا ئىچىگە 6cm تارتىلىدۇ.

(7) خىش ئۇلنى قوپۇرۇش. خىش ئۇلنى قوپۇرغاندا بىر يان بىر باش قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئەمما، ئۇل پەلەمپىيىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدىكى خىش چوقۇم باش پېتى قويۇلۇشى كېرەك. بۇرجەك، ئىچ تام بىلەن سىرتقى تامنىڭ تۇتاشقان جايلىرىغا پارچە خىش (3/4 خىش، يېرىم خىش ۋە 1/4 خىش) قويۇپ چاك باستۇرۇش كېرەك. ئۇل ئاستىنىڭ كەڭلىكى ئادەتتە ئىككى يېرىم خىش بولىدۇ. ئۇل بۇرجىكىنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى 27 ــ رەسىمدە كۆرسىتىلدى.




27 ــ رەسىم  ئۇل بۇرجىكىگە خىش تىزىش ئۇسۇلى

(8) ئۇل تاپىنىنى يىغىش ۋە تام گەۋدىسىنى تەكشۈرۈش. ئۇل تاپىنىنى يىغىپ ئەڭ ئۈستىدىكى پەلەمپەيگە كەلگەندە، كونترول لاش تاختىسىدىن تانا تارتىپ، تامنىڭ مەركىزىي سىزىقى ۋە چەت سىزىقىنى تېپىۋېلىپ، ئاندىن تام قوپۇرۇش كېرەك.

(9) نەملىك ئۆتكۈزمەس قەۋىتىنى سۇۋاش. نەملىك ئۆتكۈزمەس
ـىينى يېيىتىپ، دەسلەپكى قېتىشىش باسقۇچىغا يەتكەندە ياغاچ
ـاندۇۋا بىلەن بىر قۇر بېسىۋېتىش كېرەك. ئەگەر لايىھەدە كونكـ
ـرىت تەلەپ قويۇلمىغان بولسا، ئۇل تېمىنىڭ نەملىكتىن ساقلاش
قۇتىگە 1:2 نىسبەتلىك سېمونت لايغا مۇۋاپىق مىقداردا نەملىك
ئۆتكۈزمەس خۇرۇچى سېلىپ، 20mm قېلىنلىقتا يېيىتىلسا بو ـ
ـلىدۇ ياكى 60mm قېلىنلىقتا ئۇششاق تاشلىق بېتون بىلەن نەمـ
ـلىك ئۆتكۈزمەس قەۋىتى يېيىتىلىسىمۇ بولىدۇ. نەملىك ئۆتكۈز ـ
ـمەس قەۋىتىنىڭ ئورنى پولدىن بىر قۇر خىش تۆۋەن بولسا بولـ
ـىدۇ.

(10) توپا تىندۇرۇش. ① ئۇل قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن،
ـئىككى تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا قەۋەتكە بۆلۈپ تىندۇرۇش كېرەك.
ـتۆۋەندىكى جەدۋەلدە ئۇلنىڭ ئورنى ۋە ئۆلچىمىنىڭ رۇخسەت قىـ
ـلىنغان ئېغىش پەرقى كۆرسىتىلدى:

جەدۋەل ئۇلنىڭ ئورنى ۋە ئۆلچىمىنىڭ رۇخسەت
قىلىنغان ئېغىش پەرقى

| [illegible] | نامى | رۇخسەت قىلىنغان خاتالىق پەرقى |
| --- | --- | --- |
| 1 | ئۇلنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنىڭ لايىھىلەش كوئوردىناتىغا سىلجىشى | 15mm |
| 2 | ھالقىسمان تام ياكى ھالقىسىمان لىم ئۈستىنكى يۈزىنىڭ نورمال ئېگىزلىكى | 20mm |

| | | |
|---|---|---|
| 3 | ھالقىسىمان تامنىڭ قېلىنلىقى | 20mm |
| 4 | قاسىراقسىمان گەۋدە دىۋارىنىڭ قېلىنلىقى | +20<br>−10mm |
| 5 | ھالقىسىمان تام ياكى قاسىراقسىمان گەۋدىنىڭ ئىچكى رادىئوسى | ئىچكى رادىئۇسىنىڭ 1%، بۇ 40mm دىن ئېشىپ كەتمەسلىگى كېرەك |
| 6 | ھالقىسىمان تام ياكى قاسىراقسىمان گەۋدە ئىچكى يۈزىنىڭ قىسمەن ئويمان - دۆڭلۈكى (رادىئوس يۆنىلىشىدە) | ئىچكى رادىئۇسىنىڭ 1%، بۇ 40mm دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. |
| 7 | تاختا تەگلىكى ياكى ھالقا تەگلىكىنىڭ سىرتقى رادىئوسى | سىرتقى رادىئۇسىنىڭ 1%، بۇ 40mm دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. |
| 8 | تاختا تەگلىكى ياكى ھالقا تەگلىكىنىڭ قېلىنلىقى | 20mm |

② ئۆلىنىڭ ئۆستۈنكى نورمال ئېگىزلىكى بىلەن ئوق سىزىقىنىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈش ھەمدە تەپسىلىي خاتىرىلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تامنىڭ ئىككى تەرىپىنى تەڭ تىندۇرۇپ مېڭىش كېرەك.

## 2. خىش ئۆلىنى قوپۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

(1) ئۆل قوپۇرغاندا لاي تولۇق سىلىنىشى، خىش تولۇق قوپۇرۇلۇشى، چاك باستۇرۇشمۇ مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.

(2) سىممېترىك، تەكشى تارايتىش، تام قوپۇرۇلىدىغان ئورۇنغا يەتكەندە، تانا تارتىپ تامنىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

(3) ئۆلنى قوپۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىن تەڭ تىندۇرۇش كېرەك.

(4) ئۆل تاپىنىغا كامار قويۇشقا توغرا كەلسە، چوقۇم ئۆلنى قوپۇرۇش جەريانىدا قالدۇرۇش، ئۆل پۈتكەندىن كېيىن تېشىپ كامار ئاچماسلىق كېرەك. كامارنىڭ كەڭلىكى 300mm دىن ئېشىپ كەتكەندە تۈز كېمىر ياكى لىم قويۇش كېرەك.

(5) ئۆلنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ قوپۇرغىلى بولمىغاندا، پەلەمپەي-
سىمان قۇلاق قالدۇرۇش كېرەك.
(6) ئۆل قوپۇرغاندا پارچە خىشلارنى تارقاق ھالەتتە قويۇش
كېرەك.

## 3 § . خىش تۈۋرۈك، خىش تاملارنى قوپۇرۇش

خىش تۈۋرۈك، خىش تامنىڭ قوپۇرۇلۇشى قۇرۇلۇشنىڭ سۈ-
پىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا بۇ ھەقتە نۇقتىلىق
توختىلىمىز.

### 1. خىش تۈۋرۈكنى قوپۇرۇش

خىش تۈۋرۈكنى قوپۇرغاندا ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى خىش-
نىڭ نومۇردىن MU10دىن تۆۋەن بولماسلىقى ۋە لاينىڭ نومۇرىمۇ
M5.0 دىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. قوپۇرغاندا خىشنى ئۆلچەم-
نىڭ تىزىش، چاك باستۇرۇش تەرتىپلىك بولۇش (ئاستى - ئۈس-
تىدىكى قۇرنىڭ تىك چاكلىرى ئۆزئارا 1/4 خىش چاك بېسىپ
كېتىشى) كېرەك.
(1) چاسا تۈۋرۈكنى قوپۇرۇش. ① خىش تۈۋرۈكنىڭ مەركىزىي
سىزىقى بىلەن تۈۋرۈك ئۆلىنىڭ نورمال ئېگىزلىكىنى تەكشۈ-
رۈش. بىر ئوق سىزىق ئۈستىدە بىرنەچچە تۈۋرۈك بولغان ۋاقىت-
تا، بىر تۇتاش تانا تارتىپ بويى ۋە توغرا يۆنىلىشتىكى تۈۋرۈك
مەركىزىي سىزىقىنى تەكشۈرۈش كېرەك. ئېگىز - پەسلىكى
ئوخشاش بولمىغان ئۆل يۈزلىرىنى تەكشىلەش، 30mm دىن ئاش-
مىسا، 3:1 نىسبەتلىك سېمونت لاي بىلەن تەكشىلەش، 30mm دىن
ئېشىپ كەتكەنلىرىنى ئۇششاق تاشلىق بېتون بىلەن تەكشىلەپ،
تۈۋرۈكلەرنىڭ بىرىنچى قۇردىكى خىش ئورنىنى ئوخشاش نورمال

www.uyghurkitap.com

ئېگىزلىككە كەلتۈرۈش لازىم.

② ئاساسىي سىزىققا قارا سىلىش. نورمال ئېگىزلىك بىلەن مەركىزىي سىزىقنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تۇۋرۇك ئۇلىنىڭ ئۈستىگە ئاساسىي سىزىقنىڭ قارىسىنى سىلىش كېرەك.

③ خىش تىزىش. خىش تىزىش ئۇسۇلىدا تۇۋرۇكنىڭ ئوخشاش بىر تەرىپىدىكى چاكلارنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاش كېرەك.

④ خىش قوپۇرۇش. بۇرجەكلىرى تولۇق ساق خىشنى تاللاپ ئىشلىتىش، لايىنىڭ تولۇق، چاكلارنىڭ توغرا باستۇرۇلۇشى، تۇۋرۇك بۇرجەكلىرىگە قويۇلغان ئاستى ـ ئۈستىدىكى خىشلارنىڭ بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

⑤ بىتون كۆتەك خىش قويۇش.

⑥ چاكلىرىنى قىرىپ تازىلاش.

ھەربىر جازا ئورنىدىكى تۇۋرۇكنى قوپۇرۇپ بولغاندا تۇۋرۇك يۈزىنى تازىلاش كېرەك.

(2) يۇمىلاق تۇۋرۇكنى قوپۇرۇش. ئاۋۋال يۇمىلاق تۇۋرۇكنىڭ مەركىزىنى تېپىپ چىقىپ، تۇۋرۇك رادىئۇسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا ئاساسەن، تۇۋرۇك ئايلانمىسىنى سىزىۋالىمىز، ئاندىن شۇ بويىچە سىناق تەرىقىسىدە خىش تىزىپ، يۇمىلاق تۇۋرۇكنى قوپۇرۇشنىڭ خىش قويۇش ئۇسۇلىنى بېكىتىۋالىمىز. بىرقەدەر مۇۋاپىق بولغان خىش تىزىش ئۇسۇلى 28 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلدى.




28 ـ رەسىم يۇمىلاق تۇۋرۇككە خىش تىزىش ئۇسۇللىرى

a. ئەنكاپلانمايدىغان تۇۋرۇك. b ئەنكاپلىنىدىغان تۇۋۇك.

(3) تامتۈۋرۈكنى قوپۇرۇش. تامتۈۋرۈك تام بىلەن تۇتىشىپ تۇرغاچقا، ئىككىسى بىر گەۋدە ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تام بىلەن تۈۋرۈك تەڭ قوپۇرۇلۇشى، قۇلاق قالدۇرۇلماسلىقى لازىم. تام بىلەن تۈۋرۈك خىشلىرى ئىزچىل چىشلەشتۈرۈپ قويۇلۇشى، چىشلىشىش ئۇزۇنلۇقى 1/4 خىشتىن كىچىك بولماسلىقى لازىم. بۇرجەككە چاك باستۇرۇش تەلىپى بويىچە چوڭ پارچە خىش قويۇش كېرەك (29 ـ رەسىمدىكىدەك).




29 ـ رەسىم تامتۈۋرۈككە خىش تىزىش ئۇسۇللىرى

(4) خىش تۈۋرۈكنى قوپۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار. ① تۈۋرۈك ھەر كۈنى ئەڭ ئېگىز بولغاندا 2.4m قوپۇرۇلۇشى كې-رەك.

② ئەنكاپلىنىدىغان تۈۋرۈكنى قوپارغاندا ئىككى تەرەپنىڭ سىممېترىك بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

③ جازىنى تۈۋرۈككە يۆلىمەي باغلاش، تۈۋرۈك گەۋدىسىدىن كامار قويماسلىق، قىيسىق قوپۇرۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش

www.uyghurkitap.com

كېرەك.

④ خىش تۈۋرۈك بىلەن توساق تام تۇتاشقاندا، تۈۋرۈك ئىچىگە قولاق قويماستىن، تۈۋرۈك سىرتىغا قولاق قويۇپ، پولات چىۋىق بىلەن چېتىش كېرەك.

⑤ تۈۋرۈك بىلەن توسۇق تام گەرچە بىرلا ۋاقىتتا قوپۇرۇلمىسىمۇ، لېكىن تۈۋرۈك گەۋدىسىدىن تۈز قولاق چىقىرىش، لاي چېكىگە ئالدىن پولات چىۋىق باستۇرۇش كېرەك.

⑥ خىش تىزىش ئۇسۇلىنى كۆپ قېتىم سىناق قىلىش، تۈۋرۈك ئىچى ـ سىرتىنى مۇۋاپىق چاك باستۇرۇش، خىشنى ئاز پارچىلاش ھەمدە سىرتى گۈزەل بولۇش تەلىپىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 2. خىش تامنى قوپۇرۇش

خىش تامنى قوپۇرغاندا چوقۇم تانا تارتىپ قوپۇرۇش، خىشنى دەل جايىغا قويۇش، تەكشى قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تام قوپارغاندا يەنە بىر پۈتۈن ئىمارەت تېمىدىكى خىش چاكلىرىنىڭ تۈز بولۇشى، ئاستى ـ ئۈستىدىكى چاكلارنىڭ رېتىملىق بولۇشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، شۇنداق بولغاندىلا خىش تام كۆركەم، ئىشلىتىلىشچان بولىدۇ.

خىش تامنى قوپۇرۇشتىن ئاۋۋال تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى تاماملاش كېرەك:

(1) نەملىك ئۆتكۈزمەس قەۋەتنىڭ ئۈستىنى پاكىز تازىلىۋېتىش كېرەك.

(2) قارا سىلىپ تام قوپۇرىدىغان ئورۇننى بېكىتىۋېلىش كېرەك.

(3) ئۆلچەم گېزى بىلەن تەكشۈرۈپ توغرىلاش كېرەك. يەنى، ئۆلچەم گېزىنى تىك قويۇپ، تامنىڭ بۇلۇڭى ۋە كېسىشىدىغان

قىلىرىغا بىرنەچچە قۇر خىش قويۇرۇپ، ئۆلچەم گېزىنىڭ نورمال ئىگىزلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆلچەم گېزىدە كۆرسىتىلگەن ئۆي ئىچى پول يۈزى ئورنى بىلەن لايىھەدىكى ئۆي ئىچى پول يۈ-زى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك.

## بىرىنچى، ئۇيۇل تامنى قوپۇرۇش

ئۇيۇل تام بىر يان بىر باش، ئۈچ يان بىر باش قويۇش ئۇسۇلى بىلەن قوپۇرۇلىدۇ، پۈتۈنلەي يان پېتى قويۇش، پۈتۈنلەي باش پې-تى قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىسىمۇ بولىدۇ. قوپۇرۇش جەريانى تۆ-ۋەندىكىدەك:

(1) خىش تىزىش. بىر يان بىر باش قويۇش ئۇسۇلى بىلەن خىش تىزغاندا، خىشنى چىشلەشتۈرۈپ چاك باستۇرۇپ قويۇش قېلىپى بويىچە قويۇش، تىك چاكنىڭ تەكشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پارچە خىش ئىشلەتمەسلىك لازىم.

خىش تىزغاندا قۇرۇلۇش مەيدانىغا كەلتۈرۈلگەن خىشنىڭ ئە-مەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تىك چاكنى بەلگىلەش كېرەك.

① خىشنى سىناق تەرىقىسىدە تىزغاندا ئۆلچەملىك خىشنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

② خىش تىزغاندا پالۋان تامغا باش خىش، ئالدى تامغا يان خىش قويۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

③ ئىشىك – دېرىزە تېگىگە چوقۇم خىشنى باش پېتى قويۇش كېرەك.

(2) تام بۇرجىكىنى قوپۇرۇش. دەسلەپ قويۇلغان 10 قۇر خىش چوقۇم تۈز ھەم تىك بولۇش كېرەك. باش بۇلۇڭنى قوپۇرغاندا چوقۇم «ئۈچ قۇردا بىر ئاسما قويۇش، بەش قۇردا بىر قېتىم چۆپ-گەز قويۇش» كېرەك.

(3) تانا تارتىش. ئادەتتە بىر خىشلىق تامنى قوپۇرۇشتا بىر تەرەپكە تانا تارتىلىدۇ، كەڭلىكى بىر يېرىم خىشتىن ئاشسا، تام-نىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىنىڭ تەكشى چىقىشى ئۈچۈن ئىككى تە-

رەپتىن تانا تارتىلىدۇ.

(4) ئۈستۈنكى قەۋەت تاملىرىنى قوپۇرۇش. ① بىرىنچى قەۋەتنى تەلەپ قىلىنغان نورمال ئېگىزلىككىچە قوپۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، پولات چىۋىقلىق بېتون پول ياكى تەييار پولات چىۋىقلىق پول ئىشلىنىدۇ. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ تېمىنى قوپۇرۇشتىن ئاۋۋال بىرىنچى قەۋەتنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ، تامنىڭ ئوق سىزىقى ۋە نورمال ئېگىزلىكىنى بېكىتىۋالىمىز.

② قوپۇرۇلغان تام گەۋدىسىنىڭ ئېگىزلىشى ۋە قۇرۇلۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇل بىلەن تامغا قارا سالىدىغان كونترول قىلىش تاختىسىنى داۋاملىق ساقلاپ قالغىلى ھەمدە ئۇزۇنغىچە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تېئودولىت ئارقىلىق كونترول قىلىش تاختىسىدىكى ئوق سىزىقنى بىنانىڭ سىرتقى تېمى ئۈستىگە يۆتكەپ بەلگە سېلىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى تامنىڭ ئوق سىزىق ۋە نورمال ئېگىزلىكىنى بېكىتىمىز. نىۋېلىر بىلەن ئۆلچەپ گورىزونتال سىزىقنى سىزىمىز.

③ ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئۈستىدىكى ھەربىر قەۋەتنىڭ ئوق سىزىقىنى ئۆلچەشكە باشلىغاندا، تام يۈزىدىكى ئوق سىزىق بەلگىسىنى تېئودولىت ياكى ئاسما ئارقىلىق بەلگىلەش كېرەك. سىرتقى تامنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئوق سىزىقىنى بېكىتىۋالغاندىن كېيىن، پولات گاز بىلەن ئىچكى تاملارنىڭ ئوق سىزىقىنى ئۆلچەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

(5) ئىشىك ـ دېرىزە ئورنى ۋە دېرىزە ئارىلىقىدىكى تامنى قوپۇرۇش. ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىتىشتا ئالدى بىلەن ئىشىك ياكى دېرىزىنىڭ كېشىكىنى تۇرغۇزۇۋېلىپ، ئاندىن تام قوپۇرۇش، تام قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىتىش تەرتىپى بويىچە ئىشلەش كېرەك.

تامنى دېرىزە تەكچىسى ئورنىغىچىلىك قوپۇرغاندىن كېيىن، دېرىزە كېشىكىنى تىكلەپ، تىكلىكى، ئېگىز ـ پەسلىكىنى تەك-

ـتۇرۇش كېرەك.

دېرىزە ئارىلىقىدىكى تامنى قوپۇرغاندا تانا تارتىپ قوپۇرۇش، بىر ئوق سىزىقتىكى دېرىزە ئارىلىقلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا قوپۇرۇش، ئىككى تەرەپنى سىممېترىك قوپۇرۇش، خىشنى كېشىككە 2mm ئارىلىق قالدۇرۇپ قويۇش كېرەك. دېرىزە ئارىلىقىدىكى تامنى قوپۇرۇش جەريانىدا، يەنە دېرىزىنىڭ ئېگىزلىكىگە ئاساسەن، ئىككى تەرەپتىكى تامغا ياغاچ خىش باستۇرۇپ مېڭىش كېرەك. ئادەتتە ئېگىزلىكى 1.6m دىن ئاشمايدىغان دېرىزىلەرنىڭ ھەر تەرىپىگە ئىككى پارچىدىن، ئارىلىقىنى 3 ـ 4 قۇر خىش قالدۇرۇپ قويسا بولىدۇ(30 ـ رەسىمگە قاراڭ).




30 ـ رەسىم ياغاچ خىش قويۇش

ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى قوپۇرغاندا، دېرىزە ئارىلىقىدىكى تام دېرىزە كېشىكىدىن 10mm ئەتراپىدا چىقىپ تۇرۇشى لازىم.

(6) دېرىزە تەكچىسىنى قوپۇرۇش. دېرىزە تەكچىسى 60mm سىرتىغا چىقىرىلىپ، خىش ياتقۇزۇلۇپ ياكى تىكلەپ قوپۇرۇلىدۇ. لەمپە چىقىرىشتا دېرىزە تەكچىسى ئاستىدىكى بىر قۇر خىش

دېرىزە كەڭلىكىدىن 60mm كېڭەيتىلىپ، سىرتىغا لەمپە چىقىدىرىپ قويۇلىدۇ. ئالدى بىلەن ئىككى بېشىدىكى خىش قوپۇرۇلۇپ، تانا تارتىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىدىكى خىشلار تىك چاكلىرىغا لاي بېرىپ قوپۇرۇلىدۇ. دېرىزە تەكچىسىنىڭ كەڭلىكى دېرىزە بۇرۇجىكىدىن ھەر تەرەپكە 120mm ~ 60mm چىقىپ تۇرسا بولىدۇ (31 ـ رەسىم).




31 ـ رەسىم  دېرىزە تەكچىسىنىڭ شەكلى

a. لەمپە چىقىرىلغان دېرىزە تەكچىسى. b. سىرتقى تەكچە خىشلىق دېرىزە تەكچىسى

ئىككىنچى، كاۋاك تامنى قوپۇرۇش.

كاۋاك تام ئادەتتىكى خىش ۋە سېمونت ئارىلاشما لاي بىلەن قوپۇرۇلىدۇ.

(1) كاۋاك تامنى قوپۇرۇش شەكىللىرى. كاۋاك تام ئادەتتە بىر قۇردا بىر ئېتىش، ئىككى قۇردا بىر ئېتىش، ئۈچ قۇردا بىر ئېتىش ۋە كاۋاكنى ئەتمەي قوپۇرۇش قاتارلىق شەكىللەردە قوپۇرۇلىدۇ. ھەربىر بوي خىشتا بىر ياكى ئىككى توغرا خىش قويۇلىدۇ

32 ـ رەسىمگە قاراڭ).




32 ـ رەسىم كاۋاك تامنى قوپۇرۇش شەكىللىرى

كاۋاك تام ئادەتتە 1~3 قەۋەتلىك ئولتۇراق ئۆيلەر، بىر قەۋەت-لىك ئامبار، ئاشخانا، تەۋرىنىشى ئازراق بولغان سېپىلارنىڭ سىرتقى تېمى ۋە رام قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن تۆۋەندىكى بۆلەكلىرى ئۇيۇل تام قىلىپ قوپۇرۇلىدۇ.

① تامنىڭ بۇلۇڭ ۋە كېسىشىدىغان جايلىرى.

② پول ئاستىدىكى بارلىق قوپۇرمىلار.

③ ئۇلنىڭ ئۈستى ۋە پول ئۈستىدىكى ئۈچ قۇر خىش.

④ ئۈچ قەۋەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ سىرتقى تېمى ئاستىدىكى دېرىزە تەكچىسى ئاستىدىكى بارلىق بۆلەكلەر.

⑤ پول، چارچاپ ئاستىدىكى 2~4 قۇر خىش.

⑥ لىم بىلەن چېدىر لىم دەسسەيدىغان ئورۇنلار.

⑦ تامتۇۋرۇك ۋە ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن 24cm غىچە بولغان ئورۇنلار.

⑧ سەرقەلەم ۋە چوققا تام ئاستىدىكى 2 قۇر خىش.

⑨ پەلەمپەي تېمى، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش تېمى، لەمپە ھەمدە تۈرخۇن بىلەن تۇرۇبا كۆپرەك بولغان تاملار.

⑩ ئالدىن ھەر خىل چاتقۇلار باستۇرۇلغان تاملار.

(2) دىققەت قىلىدىغان ئىشلار. ① ئاۋۋال سىناق تەرىقىسىدە خىش تىزىپ كۆرۈۋېلىش.

② چاكنى تەكشى قالدۇرۇش، تىك چاكنى لايغا تويۇندۇرۇش.

③ كاۋاك قويۇشقا توغرا كەلسە، قوپۇرۇش جەريانىدا كاۋاك قالدۇرۇش كېرەك. كاۋاك تام قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، چاناپ تۆشۈك ئېچىشقا بولمايدۇ.

④ ئۆلچەملىك بولمىسا چۇۋۇپ قايتىدىن قوپۇرۇش كېرەك.

⑤ كاۋاك تامنىڭ بۇلۇڭى ۋە كېسىشىدىغان جايلىرى ئۆزئارا چىشلەشتۈرۈپ قوپۇرۇلۇشى، ئىچكى ـ سىرتقى تام قۇلاق قالدۇرماي بىرلا ۋاقىتتا تەڭ قوپۇرۇلۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، كاۋاك خىشلىق تامنى قوپۇرۇش.

كاۋاك خىشلىق تامنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە كاۋاك خىشنىڭ ئېگىزلىكىدە بولىدۇ، كاۋىكى گورىزونتال يۆنىلىشتە بولىدۇ.

(1) خىش تىزىش. كاۋاك خىشنى تىزغاندا، خىشنىڭ ئۆلچىمى ۋە چاكنىڭ قېلىنلىقىغا ئاساسەن قۇر سانى ھېسابلاپ چىقىلىدۇ، ئادەتتە كاۋاك خىشلىق تامدا چاكنىڭ قېلىنلىقى 8 ~ 12mm بولىدۇ. كۆپ كاۋاكلىق خىشنىڭ كاۋاكلىرى تىك يۆنىلىشتە ئۇستىگە قارايدۇ، بۇلۇڭ ياكى ئورۇن بەلگىلەش نۇقتىسىدىن بىر تەرەپكە قاراپ تىزىلىدۇ، ئىچكى ـ سىرتقى تام بىرلىكتە قوپۇرۇلىدۇ، ئۈستى ـ ئاستى قۇرلىرى چاك باستۇرۇپ ئۆتۈشتۈرۈپ قوپۇرۇلىدۇ، ئۆستۈرۈش ئۇزۇنلۇقى 60mm دىن چوڭ بولمايدۇ.

(2) تام گەۋدىسىنى قوپۇرۇش. تام قوپۇرغاندا كاۋاك خىشنىڭ ئاستىنى تام قىرىغا، ئۈستىنى تانىغا بويسۇندۇرۇپ قوپۇرۇش كېرەك. 1.2m قوپۇرۇلغاندا تاختىپەرنى كىچىك يېرىم قەدەم ئې-

گىزلىتىپ، تامچى بىلەن تامنىڭ ئېگىز ـ پەسلىك پەرقىنى تەڭ ـ
ش كېرەك. چوڭ بۇلۇڭ بىلەن ئىچكى سىرتقى تام تۇتىشىدىغان
ۇلەكنى قويۇرغاندا يېرىم خىش قويۇپ، چاك باستۇرۇش كېرەك.
(3) دىققەت قىلىدىغان ئىشلار. ① رام قۇرۇلمىسى بىلەن ئۇ ـ
ىنىدىغان جايدا، چوقۇم رام تۈۋرۈكىگە ئالدىن پولات چىۋىق
لمەك چاتقۇ ئورنىتىپ، تام ئىچىگە باستۇرۇش ئارقىلىق تۈۋ ـ
ۈك بىلەن تامنىڭ تۇتىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.
② ئالدىن تەييارلانغان ئىشىك ـ دېرىزە بېشى، پول تاختىلى ـ
ىنى قۇراشتۇرۇشتىن ئاۋۋال تېگىنى لاي بىلەن تەكشىلەش، تام
ويۇرۇش جەريانىدا تامغا ئالدىن كاۋاك، تۇرۇبا يولى ئورنى قالدۇ ـ
ۇش ياكى ئالدىن چاتقۇ قويۇپ، قوپۇرۇلۇپ بولغان تامنى تې ـ
شتىن ساقلىنىش كېرەك.
③ لاي چاكلىرى تىك ـ توغرا يۆنىلىشتە تۈز بولۇشى؛ لايغا
ويۇندۇرۇلۇشى كېرەك.
ۆتىنچى، خىش تامنى قوپۇرۇش تەلىپى
(1) تىك ۋە توغرا يۆنىلىشتە تۈز بولۇش. ھەربىر قۇردىكى
ىش چاكلىرى تىك ۋە توغرا يۆنىلىشتە تۈز بولغاندىلا، ئاندىن
ۇن تام پۇختا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئىككى قەۋەت ئىش
رىسىدىكى بىرىكىش يۈزىمۇ بىر تەكشىلىكتە بولۇشى كېرەك.
(2) چاكنى ئۆتۈشتۈرۈپ قوپۇرۇش. ئاستى ـ ئۈستىدىكى
ككى قۇر خىش ئارىسىدىكى تىك چاكلار ئۆزئارا ئۆتۈشكەن بو ـ
ۇشى، بىر قۇردىكى خىشلارمۇ بىر ـ بىرىگە چىشلەشكەن بولۇ ـ
ى كېرەك، تامنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى چاك ئۇدۇل بولۇپ قال ـ
لىقى كېرەك.
(3) چاكنى لايغا تويۇندۇرۇش، قېلىنلىقى تەكشى بولۇش.
ىشلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى يېپىشىشى ۋە بېسىمنى تەكشى قوبۇل
ىلىشى ئۈچۈن، گورىزونتال چاكتىكى لاينىڭ تەكشىلىكىگە كا ـ
لەتلىك قىلىش كېرەك.

## 3. سۇپەت ئۆلچىمى

(1) خىش قوپۇرۇلمىلارنىڭ سۇپەت ئۆلچىمى. ① خىش ۋە لاينىڭ سىناق دوكلاتىنى تەكشۈرۈش، بۇ ئارقىلىق خىش بىلەن لاينىڭ چىداملىقلىق دەرىجىسىنى لايىھەدىكى تەلەپكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

② خىشنىڭ تېگى بىلەن لاينىڭ يېپىشىش يۈزىنى تەكشۈرۈش كېرەك. ھەر قېتىم 3 دانە خىشنى سىناق قىلىش، قوپۇرمىنىڭ گورىزونتال يۆنىلىشتىكى چېكىنىڭ لاي بىلەن تويۇنۇش نىسبىتى 80 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولماسلىق كېرەك.

③ خىش قوپۇرۇلمىلارنىڭ بۇلۇڭ ۋە كېسىشكەن جايلىرىنى تەڭ قوپۇرۇش كېرەك. تەڭ قوپۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ئەھۋالدا قۇلاق قالدۇرۇش، قۇلاقنىڭ گورىزونتال پروېكسىيە ئۇزۇنلۇقى ئېگىزلىكىنىڭ 2/3 دىن كىچىك بولماسلىقى كېرەك.

④ خىش قوپۇرمىلارنىڭ ئورنىنىڭ ئۆلچىمى، ئورنىنىڭ رۇخسەت قىلىنغان ئېغىش پەرقى ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى 1- ۋە 2 - جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

**1 - جەدۋەل خىش قوپۇرمىلارنىڭ ئورنى ۋە تىكلىكىنىڭ رۇخسەت قىلىنغان ئېغىش پەرقى**

| نومۇرى | تۈر | | | رۇخسەت قىلىنغان ئېغىش پەرقى (mm) | تەكشۈرۈش ئۇسۇلى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئوق سىزىق ئورنىنىڭ مەركەزدىن ئېغىشى | | | 10 | تېئودولىت ۋە گەز ئارقىلىق تەكشۈرۈش ياكى باشقا ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بىلەن تەكشۈرۈش |
| 2 | ئىككى | ھەر قەۋەتتە | | 5 | 2m لىق |
| | | ئومۇمىي ئېگىزلىك | ≤ 10m | 20 | تېئودولىت، تانا ۋە گەز بىلەن تەكشۈرۈش ياكى باشقا ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ئارقىلىق تەكشۈرۈش |
| | | | > 10m | 30 | |

**2- جەدۋەل خىش قوپۇرمىلارنىڭ ئادەتتىكى ئۆلچىمىنىڭ رۇخسەت قىلىنغان ئېغىش پەرقى**

| نومۇرى | تۈرى | | رۇخسەت قىلىنغان ئېغىش پەرقى (mm) | تەكشۈرۈش ئۇسۇلى | ئېلىپ تەكشۈرۈلگەن سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئۇل ئۈستى بىلەن ئۆگزىنىڭ نورمال ئېگىزلىكى | | ±15 | شەيتان ۋە گەز بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ | 5 ئورۇندىن كەم بولسا بولمايدۇ |
| 2 | سىرتقى يۈزىنىڭ تەكشىلىكى | ئەنكاپ تام، تۈۋرۈك | 5 | 2m لىق چۆپكەز ۋە شىنا شەكىللىك قىستۇرما گەز بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ | ۋەكىللىك خاراكتېردىكى تەبىئىي ئارىلىق 10% بولۇشى، لېكىن 3 ئارىلىقتىن كەم بولماسلىقى ھەربىر ئارىلىقتا ئىككى ئورۇندىن كەم بولماسلىقى كېرەك |
| | | سۇۋاق تام، تۈۋرۈك | 8 | | |
| 3 | ئىشىك - دېرىزە ئورنىنىڭ ئېگىزلىكى، كەڭلىكى | | ±5 | گەز بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ | تەكشۈرۈلگەن تۈپتىكى ئىشىك - دېرىزە ئورنىنىڭ 10%، ئەمما 5 ئورۇندىن كەم بولماسلىقى كېرەك |
| 4 | سىرتقى تامدىكى يۇقىرى - تۆۋەن دېرىزە ئورنىنىڭ ئېغىشى | | 20 | ئاستىنقى دېرىزە ئورنى ئۆلچەم قىلىنىپ تېئودولىت ياكى ئاسما بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ | تەكشۈرۈلگەن تۈپنىڭ 10%، ئەمما 5 ئورۇندىن كەم بولماسلىقى كېرەك |
| 5 | گورىزونتال چاكنىڭ تۈزلۈكى | ئەنكاپ تام | 7 | 10 مېتىر تانا تارتىپ ۋە گەز بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ | ۋەكىل خاراكتېرلىك تەبىئىي ئارىلىق 10%، ئەمما ئۈچ ئارىلىقتىن كەم بولماسلىقى، ھەر ئارىلىقتا 2 ئورۇندىن كەم بولماسلىقى لازىم |
| | | سۇۋاق تام | 10 | | |
| 6 | ئەنكاپ تامدىكى | | 20 | ئاسما ۋە گەز بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ ھەر قەۋەتتىكى بىرىنچى قۇر خىش ئۆلچەم قىلىنىدۇ | ۋەكىل خاراكتېرلىك تەبىئىي ئارىلىق 10%، ئەمما 3 ئارىلىقتىن كەم بولماسلىقى، ھەر ئارىلىقتا 2 ئورۇندىن كەم بولماسلىقى لازىم. |

www.uyghurkitap.com




33 ـ رەسىم ئەگمە تەگلىكىنىڭ قوپۇرۇلۇشى

قوپۇرۇشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

① ئەگمە چىقارغاندا تانا تارتىپ ئىشلەش كېرەك.

② قوپۇرغاندا خىش بىلەن چاكىنىڭ ئورنىنى سىزىۋېلىپ، ئىككى تەرەپتىن تەڭ قوپۇرۇش كېرەك. تىك خىش بىلەن يان خىشنى ئالماشتۇرۇپ قوپۇرۇش، ئوتتۇرىدا بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

③ خىش ئارىسىغا تارىيىش چېكى قالدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىشنى ئالدىنقى قېتىم قويۇلغان خىشقا نىقتاپ قويۇش كېرەك.

④ قوپۇرۇپ ئوتتۇرىدا بىر خىش ئورنى قالغاندا، خىشنىڭ ئىككى يۈزىگە لاي سۇۋاپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ بېسىپ كىرگۈزۈش، ئىككى تەرەپتىكى چاكىنىڭ لاي بىلەن تولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەگمىنى قوپۇرغاندا تام يۈزى بىلەن تەكشى قوپۇرۇش، ئىككى تەرىپىنى سىممېترىك قوپۇرۇش كېرەك.

(2) ياي شەكىللىك ئەگمە. ياي شەكىللىك ئەگمە يەنى، يايسىمان خىش ئەگمە، MU10 دىن يۇقىرى نومۇرلۇق خىش بىلەن M5.0 دىن يۇقىرى نومۇرلۇق لايدا قوپۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ تىك يۈزى ياي شەكىللىك بولىدۇ، ئېگىزلىكى 240mm ياكى 365mm بولىدۇ

(34 ـ رەسىمگە قاراڭ).



34 ـ رەسىم ياپسىمان ئەگمە

www.uyghurkitap.com

# 3 ـ باب تاش قوپۇرمىلارنى قوپۇرۇش

تاش قوپۇرمىلار ئادەتتە تاش ئۇل، تاش تام، توپا توسۇش تېمى، تاش بىلەن قوپۇرۇش تەلەپ قىلىنىدىغان ئالاھىدە قۇرۇلۇش بۆلەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## §1. تاش قوپۇرمىغا دائىر ئاساسىي ساۋات

### 1. تاش قوپۇرمىلاردا تاش قويۇش (بېسىش) شەكىللىرى

(1) بىر باش، بىر يان بويىچە ئۈستىمۇ ئۈست قويۇپ قوپۇرۇش. بۇ خىل قوپۇرۇش ئۇسۇلىدا، ياسالما تاش بىلەن يۈك بىر قەدەر كۆپ چۈشىدىغان سوزۇنچاق ئۇل، ئەسلىھەلەر ئۇلى، مۇستەقىل ئۇل ۋە چوڭ تىپتىكى ياسالما تاش ھەم پارچە تاشلىق قوپۇرمىلار قوپۇرۇلىدۇ.

① بىر باش بىر يان قويۇپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى. بۇ خىل قوپۇرۇش شەكلى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرى، ھەر ئاستى ـ ئۈستى قۇردىكى تاشنىڭ بىر قۇرى باش پېتى، يەنە بىر قۇرى يان پېتى قويۇلىدۇ، ئىككى قۇر ئارىسىدىكى بۇلۇڭ 90° بولىدۇ. يەنە بىر خىل شەكلى يانتۇ ھالەتتە ئۈستىمۇ ئۈست قويۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەر ئاستى ـ ئۈستى ئىككى قۇر ياسالما تاشنى قارىشى يۆنىلىشتە ئوق سىزىق بىلەن 45° بۇلۇڭ شەكىللەندۈرۈپ قويۇلىدۇ. يەنى بىرىنچى قۇردىكى تاش بىر تەرەپكە 45° يانتۇ قويۇلسا، ئىككىنچى قۇردىكى تاش يەنە بىر تەرەپكە 45° يانتۇ قويۇلىدۇ، ئاستى ـ ئۈستىدىكى ئىككى قۇر خىش ئۆزئارا 90°

بولۇش ھاسىل قىلىدۇ.

② بىر باش، بىر يان قويۇپ قوپۇرۇشتا چاك باستۇرۇشقا قويۇلىدىغان تەلەپ. ئاستىنقى قۇردىكى كۆتەك خىشنىڭ ئۆلچىمى كۆتەك خىش ئۇزۇنلۇقى ياكى كەڭلىكىنىڭ يېرىمىدىن چوڭ بولۇشى، ئۈستۈنكى قۇردىكى كۆتەك خىش بىلەن باستۇرۇلغاندا، ئۈستۈنكى كۆتەك خىش سەل ئېشىپ چىقىشى كېرەك. تىك چاكلار بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك (1 ـ رەسىمگە قاراڭ).



1 ـ رەسىم بىر باش بىر يان ئۈستىمۇ ئۈست قويۇپ قۇرۇلغان ئۇل

a. پارچە تاشلىق قوپۇرما. b. ياسالما تاشلىق قوپۇرما

(2) بىر باش، بىر يان قويۇپ بىرلەشتۇرۇپ قوپۇرۇش. بۇ ياسالما تاش ياكى ياسالما تاش بىلەن پارچە تاش، ئەن تاشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئادەتتە سوزۇنچاق ئۇل ۋە قېلىنلىقى بىر قەدەر چوڭ بولغان تام گەۋدىسىنى قوپۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

① بىر باش، بىر يان قويۇپ، بىرلەشتۇرۇپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى. بۇنىڭ بىر خىل شەكلى ھەربىر قۇردا باش ۋە يان پېتى ئارىلاش قويۇپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئىچى ـ سىرتىغا بىردەك ياسالما تاش ئىشلىتىلىدۇ. باش پېتى قويۇلىدىغان تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى قوپۇرۇلما ياكى تام قېلىنلىقىنىڭ بىر يېرىم ھەس-

ـسىچىلىك چوڭ بولىدۇ. ياسالما تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1m ئەـ
ـىراپىدا بولىدۇ، ياكى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ھېسابلاپ بېكىتىـ
ـلىدۇ، تاش ئارىسىدىكى كاۋاكلار لاي ۋە ياپىلاق تاشلار بىلەن تولـ
ـدۇرۇلىدۇ( 2 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك).



a b

2 ـ رەسىم  بىر باش، بىر يان قويۇپ بىرلەشتۈرۈپ قوپۇرۇش

a. 1/2 چىشلەشتۈرۈلگەن  b. 1/3 چىشلەشتۈرۈلگەن

يەنە بىر خىل قوپۇرۇش ئۇسۇلىدا باش يېتى قويۇلىدىغان تاش بىلەن يان يېتى قويۇلىدىغان تاشقا ياسالما تاش ئىشلىتىلىدۇ، قالغان جايلىرى پارچە تاش، رەتسىز تاشلار بىلەن قوپۇرۇلىدۇ، ئارىسىدا كاۋاك قالدۇرۇلمايدۇ (3ـرەسىمگە قاراڭ).



3ـرەسىم  ياسالما تاش، رەتسىز تاشلارنى بىرلەشتۈرۈپ قوپۇرۇش

② بىر باش، بىر يان بىرلەشتۈرۈپ قوپۇرۇشتا ئۆتۈشتۈرۈش قائىدىسى

بىر باش بىر يان بىرلەشتۈرۈلگەن قوپۇرمىدا ئۇسـ

تۇنكى بىر قۇردىكى باش پېتى قويۇلغان تاش ئاستىنقى بىر قۇر-دىكى يان پېتى قويۇلغان تاش ئۇزۇنلۇقىنىڭ 1/2 ياكى 1/3 قىسمىغا دەسسىگەن بولۇشى كېرەك. ھەربىر قۇردىكى يان پېتى قويۇلغان تاش ئاستى ـ ئۇستىدىكى باش پېتى قويۇلغان تاش بىلەن ئۆتۈشتۈرۈلگەن بولۇشى، ئۆتۈشتۈرۈش ئۇزۇنلۇقى يان پېتى قويۇلغان تاش ئۇزۇنلۇقىنىڭ 1/3 ى ئەتراپىدا بولۇشى لازىم.

(3) يان پېتى ئۇستىمۇ ئۇست قويۇپ بىرلەشتۈرۈپ قوپۇرۇش. بۇ خىل ئۇسۇلدا ياسالما تاش، چاسا تاش، پارچە تاش ئىشلىتىلىدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى بىلەن كۆتەك خىش (تاش) نىڭ قېلىنلىقى بىردەك بولغان شەكىل — يان پېتى ئۇستىمۇ ئۇست بىرلەشتۈرۈپ قوپۇرۇش دېيىلىدۇ.

① قوپۇرۇش ئۇسۇلى. بۇ ئەڭ ئاددىي بولغان بىر خىل تاش ماتېرىياللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قوپۇرۇش ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭدا ھەر-بىر قۇردا تاش يان پېتىچىلا قويۇلىدۇ، باش پېتى قويۇلمايدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى كۆتەك خىش (تاش) نىڭ قېلىنلىقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

بىرلەشتۈرۈپ قوپۇرغاندا، ھەربىر قۇردا كۆتەك خىش (تاش) نى ئۆزئارا چاك باستۇرۇپ ئۇستىمۇ ئۇست قوپۇرۇلىدۇ.

② ئۆتۈشتۈرۈش تەلىپى. ئۆتۈشتۈرۈش ئۇزۇنلۇقى ئەڭ ياخشىسى شۇ كۆتەك خىش (تاش) ئۇزۇنلۇقىنىڭ يېرىمىچىلىك بولۇشى، ئۇنىڭدىن قالسا كۆتەك خىش (تاش) ئۇزۇنلۇقىنىڭ 1/3 چىلىك بولسا بولىدۇ. ياسالما تاش، چاسا تاش قوپۇرمىلاردا ئۆتۈشتۈرۈش ئۇزۇنلۇقى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 200mm بولۇشى كېرەك (4 ـ رەسىمگە قاراڭ).



4ـ رەسىم ياسالما تاشنى يان يېتى ئۈستىمۇ ـ ئۈست قويۇرۇش

(4) گىرەلەشتۈرۈپ بىرلەشتۈرۈپ قويۇرۇش. بۇ توپا توسۇش تېمى، ئاسراش يانتۆلۈقى قاتارلىق قېلىنلىقى بىرقەدەر چوڭ بولغان ئۆل، تام ۋە باشقا قويۇرمىلارغا ئىشلىتىلىدۇ، كۆپىنچە رەتسىز تاش ۋە ساي تېشى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىنىدۇ (5ـ رەسىم).



5ـ رەسىم گىرەلەشتۈرۈپ بىرلەشتۈرۈپ قويۇرۇلغان
رەتسىز تاشلىق ئۆل

① گىرەلەشتۈرۈپ بىرلەشتۈرۈپ قويۇرۇش ئۇسۇلى. ئادەتتە بۇنداق قويۇرمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان تاش ئۆلچەمسىز تاشلار بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ لاي چېكىمۇ ئۆلچەمسىز بولىدۇ. ئەمما تامنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى رەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا سىرتقى قۇرغا قويۇلىدىغان تاش مۇۋاپىق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بولۇش، بەزىدە پارچە تاش، ياكى قىسقا ياسالما تاشلارنى ئىشلىتىپ ھەر خىل شەكىللەرنى چىقىرىپ قويۇرۇش لازىم (6 ـ رەسىم ۋە 7 ـ رەسىملەرگە قاراڭ).

 

6 ـ رەسىم سىرتقى قىسمى شەكىل چىقىرىپ گىرەلەشتۈرۈپ بىرلەشتۈرۈپ قوپۇرۇلغان تام

7 ـ رەسىم سىرتىغا نەقىشلىك پارچە تاش بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ قوپۇرۇلغان تام

## 2. تاش قوپۇرمىلارنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى ھەم ئىشلىتىلىش دائىرىسى

(1) لايغا دەسسىتىش ئۇسۇلى. لايغا دەسسىتىش ئۇسۇلى بىلەن قوپۇرۇش ــ خىش قوپۇرما، كۆتەك خىشلىق قوپۇرمىلارنى قوپۇرۇش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ.

① قوپۇرۇش تەلىپى. a. ھەربىر دانە تاشنىڭ ئەتراپى لاي بىلەن تولغان بولۇشى ھەمدە تاشنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىكى ئۈستمۇ ئۈست قوپۇرۇلغان يۈز بىلەن تېگىشكەن يۈزىدىكى ئويمان ـ دۆڭ 10mm دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

b. لاي چىكىنىڭ قېلىنلىقى 20mm دىن كىچىك بولۇشى كېرەك.

c. يېرىم قېتىشقان لاي ياكى قويۇقلۇقى تۆۋەن بولغان لاي بىلەن قوپۇرۇلۇشى كېرەك.

d. لايغا تويۇنغان بولۇشى، تىك چاكنىڭ ئاۋۋال ئاستىنقى 1/2 ئېگىزلىك لاي بىلەن تولدۇرۇلۇشى، ئاندىن ئۈستۈنكى 1/2 قىسمىغا لاي قۇيۇپ تولدۇرۇلۇشى كېرەك.

(2) ئىشلىتىلىش دائىرىسى. لايغا دەسسىتىپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى ياسالما تاش ياكى چاسا تاش بىلەن قېلىنلىقى بىرقەدەر تار بولغان بىر باش، بىر يان قويۇش ئۇسۇلى بىللەن قوپۇرۇلىدىغان

قوپۇرمىلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

## §2. تاش ئۇلنى قوپۇرۇش

### 1. تاش ئۇلنى قوپۇرۇش

تاش ئۇل تىك تۆت بۇلۇڭلۇق، تىراپېتسىيە شەكىللىك، پەلەم-پەي شەكىللىك قاتارلىق كۆپ خىل تۈردىكى كەسمە يۈز شەكىللىك بولىدۇ. لايىھەدە ئۇلنىڭ ئاستىنقى كەڭلىكى، ئۈستىنكى كەڭلىكى ھېسابلاش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ، ئۇل كەڭلىكى تامدىن 100mm دىن چوڭراق بولىدۇ. تىراپېتسىيە شەكىللىك ئۇلنىڭ يانتۇ يۈزى بىلەن گورىزونتال سىزىق ئوتتۇرىسىدىكى تار بۇلۇڭ 60° تىن كىچىك بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت تىراپېتسىيە شەكىللىك ئۇلدىكى ھەربىر پەلەمپەي باسقۇچىنىڭ ئېگىزلىكىمۇ 20mm دىن كىچىك بولمايدۇ(8 ـ رەسىمگە قاراڭ).



8 ـ رەسىم تاش ئۇلنىڭ كەسمە يۈز شەكىللىرى

a. تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك b. تىراپېتسىيە شەكىللىك c. پەلەمپەي شەكىللىك

(1) قوپۇرۇشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق. ① ئەسۋاب ـ سايمان تەييارلاش. بۇنىڭغا ئادەتتىكى تامچىلىق ئەسۋابلىرىدىن باشقا يەنە بازغان، بولقا، لوم، ئەنكاپلىغۇچ قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

② ماتېرىيال تەييارلاش، ئۇل ئوقۇرىنى تازىلاش. a. ماتېرىيال

تەييارلاش. لايىھەدىكى تەلەپ بويىچە تاش ماتېرىيالنى ئوبدان تاللاش كېرەك. يىمىرىلگەن، دەز كەتكەن تاشلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ئىشلىتىشتىن بۇرۇن تاشنى سۇدا يۇيۇش، قىش پەسلىدە تاش يۈزىدىكى قار ـ مۇزلارنى پاكىز تازىلاش كېرەك. بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن ياكى دەز كەتكەن تاشلار پارچىلاپ ئىشلىتىلىدۇ. لاي بەك سۇيۇق بولۇپ قالماسلىقى، ئۇنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى قول بىلەن ئۆمەللەپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن لاي بەك سۇيۇق بولۇپ چېچىلىپ كەتمىسلا، لاياقەتلىك بولغان بولىدۇ. تاش ئۇلغا ئادەتتە M2.5 ياكى M5.0 نومۇرلۇق لاي ئىشلىتىلىدۇ.

b. ئۇل ئوقۇرىنى تازىلاش. ئاۋۋال ئۇل ئوقۇرىنىڭ ئۆلچىمى سېلىنىش قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى ۋە نورمال ئېگىزلىك تەكشۈرۈلىدۇ. ئۇل ئاستىدا پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر بولسا پاكىز تازىلىنىدۇ، سۇ يىغىلىپ قالغان بولسا چىقىرىۋېتىلىدۇ، ئۇل ئىچى قۇرغاق بولسا سۇ چېچىپ ھۆل قىلىنىدۇ، ئاخىرىدا ماتېرىيال چۇشۇرۇش ئېغىزى ئېچىلىپ تاش ۋە لاي توشۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

③ تانا تارتىش. a. كونتروللاش تاختىسىدىكى ئۇل ئوق سىزىقىغا ئاساسەن ئۇلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تانا ئورنى بېكىتىلىدۇ.

b. كونتروللاش تاختىسىدىن تۆۋەنگە ئىككى تال تىك تانا چۈشۈرۈلىدۇ.

c. ئاندىن مۇشۇ ئىككى تانىدىن ئۇل ئوقۇرىنى بويلاپ گورىزونتال تانا تارتىلىدۇ.

ئەگەر تاش ئۇل پەلەمپەي شەكىللىك بولسا، ئۇنىڭ تانا تارتىش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ:

a. ئاۋۋال ئەڭ ئاستىدىكى پەلەمپەي باسقۇچىنىڭ كەڭلىكى بويىچە گورىزونتال تانا تارتىلىدۇ.

b. ئاندىن چېرتيوژدا تەلەپ قىلىنغان باسقۇچ ئېگىزلىكى بويىچە، قوپۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق تەكشىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

c. كونتروللاش تاختىسىدىكى تىك چۈشۈرۈلگەن تانا ئىككىنچى باسقۇچنىڭ تەلەپ قىلىنغان كەڭلىكى بويىچە تارايتىلىدۇ ۋە شۇ بويىچە ئۆل قوپۇرۇلىدۇ (9 ـ رەسىم).



9 ـ رەسىم تاش ئۆلغا تانا تارتىش

(2) پارچە تاش ئۆلنى قوپۇرۇش جەريانى. پارچە تاشلىق ئۆل ئادەتتە لايغا دەسسىتىش ئۇسۇلى بىلەن قوپۇرۇلىدۇ. قوپۇرۇش جەريانىدا لايغا تويۇنۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئۈستىمۇئۈست قوپۇرۇلغان يۈزنىڭ لاي بىلەن يېپىشقان يۈزى 80% تىن چوڭ بولۇشى كېرەك.

پارچە تاشنى قوپۇرغاندا ئاستى ـ ئۈستى چاك باسقان بولۇشى، ئىچى ـ سىرتىدىن ئۆتۈشتۈرۈپ قوپۇرۇلغان بولۇشى كېرەك. سىرتىغا تاش تىكلەپ، ئىچىنى تولدۇرۇپ قوپۇرۇشقا بولمايدۇ.

① بىرىنچى قەۋەت تاشنى قوپۇرۇش. a. بىرىنچى قەۋەت تاشنى قوپۇرغاندا، ئاۋۋال بىرقەدەر چوڭ ھەم چاسا تاشنى تاللاپ، ئۆلنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قويۇش كېرەك. بۇ تاشلار ئادەتتە بۇلۇڭ تاش دېيىلىدۇ.

b. بۇلۇڭ تاشنى ئۆلچەم قىلىپ، گورىزونتال تانىنى بۇلۇڭ تاشتىن تارتىش كېرەك.

c. ئۆلنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى تاشنى تانىغا بويسۇندۇرۇپ قوپۇرۇش، ئاندىن ئىچىنى تولدۇرۇش كېرەك.

② ئىككىنچى قەۋەت تاشنى قوپۇرۇش. a. ئاۋۋال قېلىنلىقى 150mm دىن كىچىك بولغان پارچە تاشلارنى تاللاش كېرەك.

b. ئاندىن تاشلارنى چاك باستۇرۇپ سىناپ قويۇپ بېقىش كېرەك، بۇنىڭدا ئىچى - سىرتى ئۆتۈشكەن، ئاستى - ئۈستى چاك باسقان بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

c. لايىنىڭ قېلىنلىقى 40～50 مىللىمېتىردا كونترول قىلىنىشى كېرەك.

d. بولقا بىلەن يېنىك ئۇرۇپ تاشنى ئوبدان دەسسىتىپ مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

③ ئۇل ئۈستىنى ئىشلەش. ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇرنى قوپۇرغاندا چوڭ - كىچىكلىكى مۇۋاپىق بولغان تاشلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. ئاندىن كونتروللاش تاختىسىدىن تانا تارتىپ ئۆلچىمىنى كونترول قىلىش، ئەگەر ئۈستىگە چىقىپ قالغان تاش ئۇچلىرى بولسا تەكشىلىتىش، پەس جايلىرى بولسا تولدۇرۇپ تۈزلەش كېرەك.

(3) پارچە تاشلىق ئۇلنى قوپۇرغاندىكى مەشغۇلات تەلىپى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار. ① پارچە تاشلىق ئۇلغا دائىم چىداملىقلىق دەرىجىسى M5.0 دىن يۇقىرى بولغان سېمونت قۇم لاي ئىشلىتىش، لايىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى 5-7cm ئەتىراپىدا بولۇش كېرەك.

② قوپۇرۇش جەريانىدا بىرقەدەر چوڭقۇر بوشلۇق بايقالسا، ئاۋۋال كىچىكرەك تاشلارنى تاللاپ، لاي ياتقۇزۇپ تىندۇرۇش كېرەك. تاش دۆۋىسى ياكى ساپ لاي بىلەن تىندۇرۇشقا بولمايدۇ.

③ قوپۇرۇپ بولۇنغان ئۇل ئۈستىگە پارچە تاش تاشلاشقا توغرا كەلگەندە، بىۋاسىتە تاشلىماي تاختاي بىلەن سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈرۇش، قوپۇرما ئۈستىدە تاش چاقماسلىق كېرەك.

www.uyghurkitap.com

④ ئارىلىقتا توختاشقا توغرا كەلسە، تاش ئارىلىقىدىكى چاكلارنى لاي بىلەن تولدۇرۇۋېتىش، ئۈستۈنكى يۈزگە لاي ياتقۇزماي قوپۇرۇشقا باشلىغان ۋاقىتتا ياتقۇزۇش كېرەك.

⑤ شامال ياكى يامغۇر تەسىرىدىن قوپۇرۇشنى ۋاقىتلىق توختىتىشقا توغرا كەلسە، پاخال بىلەن يېپىپ قويۇش كېرەك.

⑥ پارچە تاشلىق قوپۇرمىنىڭ ۋاقىتلىق ئارىلىق قالدۇرۇلغان جايىغا پەلەمپەي شەكىللىك ياندۇ قۇلاق قالدۇرۇش، قۇلاق ئېگىزلىكى 1.2m دىن ئېشىپ كەتمەسلىك، سىرتقى تامنىڭ بۇلۇڭى ھەمدە بوي تام بىلەن توغرا تام ئۇلىنىدىغان جايدىن قۇلاق قالدۇرماسلىق كېرەك. قۇلاقنى تولدۇرۇپ قوپۇرغاندا، ئاۋۋال سۇ بىلەن پاكىز تازىلاش ھەمدە قۇلاق ئۇلىنىدىغان جايدا ئوبدان يېپىشمىغان تاش ۋە بوش لاي قالدۇرماسلىق كېرەك، بۇنداق قىلىش كونا - يېڭى قوپۇرمىنىڭ بىرگەۋدىلىشىشىگە پايدىلىق. ھەر كۆزلۈك قوپۇرۇش ئېگىزلىكى 1.2m دىن ئېشىپ كەتمەسلىك لازىم.

⑦ ئەگەر ئۇلدىن تۆشۈك قويۇشقا توغرا كەلسە، قوپۇرۇش جەريانىدا قالدۇرۇش، قوپۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئويۇپ تەشمەسلىك كېرەك. ئولتۇرۇش چېكىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ قوپۇرۇش، چاك گىرۋىكىگە تەرەپلىرى تەكشى تۈز بولغان تاشنى قوپۇرۇش ئارقىلىق چاك ئارىسىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

⑧ ئۇلنى قوپۇرۇپ بولغاندىن كېيىن لاي بىلەن پۇختا ئەنكاپلاش، تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، تۇپا تىندۇرۇش لازىم.

## 2. ماتېرىيال تاشلىق ئۇلنى قوپۇرۇش

ماتېرىيال تاشلىق ئۇلنىڭ كەسمە يۈزى تىك تۆت بۇلۇڭلۇق،

پەلەمپەي شەكىللىك قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردە بولىدۇ. ئۇل
ئۈستىنىڭ كەڭلىكى تام قېلىنلىقىدىن 100mm دىن چوڭراق بو-
لىدۇ. ئۇل ئاستىنىڭ كەڭلىكى لايىھەدە ھېسابلاپ چىقىلغان ئۆل-
چەم بويىچە بولىدۇ. پەلەمپەي شەكىللىك ئۇلنىڭ ھەربىر باسقۇ-
چىنىڭ ئېگىزلىكى 200mm دىن كىچىك بولماسلىقى لازىم.

## §3. تاش تام، توپا توسقۇچ تاملارنى قوپۇرۇش

### 1. تاش تامنى قوپۇرۇش

(1) پارچە تاشلىق تام. پارچە تاشلىق تامنى قوپۇرغاندا ئۇل
ئۈستىگە چېكىلگەن قارا ۋە تام بۇرجىكىدىكى ئۆلچەم گېزىگە تار-
تىلغان تانىغا قاراپ قوپۇرۇلىدۇ. قوپۇرۇش ئۇسۇلى ئۇلنى قوپۇ-
رۇشقا ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئەگەر تام بۇرجىكى خىشتا قوپۇرۇل-
دىغان بولسا، ئالدى بىلەن بۇرجەكتىكى خىشنى بەش قۇرنى چى-
قىرىپ، بەش قۇرنى تارتىپ قۇلاق چىقىرىپ قوپۇرۇۋېلىپ، ئاندىن
ئوتتۇرىدىكى تاش تامنى قوپۇرۇش لازىم.

① پارچە تاشلىق تامنى قوپۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار. a.
سۇۋىلىدىغان ياكى ئەنكاپلىنىدىغان تاش تامنى قوپۇرغاندا، ئىككى
تەرەپتىن تانا تارتىش، ئىچى - تېشىغا تاختىپەر قويۇش، ئىككىلا
تەرەپتىن تەڭ قوپۇرۇش لازىم، يەنى سىرتقى قۇرغا بىر دانە ئۇزۇن
تاش قويۇلسا، ئىچكى قۇرغا بىر دانە قىسقا خىش قويۇش، ئاس-
تىنقى قەۋەتكە قىسقا تاش قويۇلسا، ئۈستۈنكى قەۋەتكە ئۇزۇن تاش
قويۇش لازىم.

b. پارچە تاشلىق تامنى قوپۇرغاندا، تەكشى يۈزىنى سىرتقا قا-
رىتىپ قويۇش، پارچە تاش قىستۇرۇشقا توغرا كەلسە سىرتىدىن

قىستۇرۇپ لاي بىلەن تولدۇرۇش، لايسىز قىستۇرماسلىق كېرەك.

② پارچە تاشلىق تامنى قوپۇرۇش جەريانى. a. تانا تارتىپ لاي يېيىتىپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە قەۋەتلەرگە بۆلۈپ قوپۇرۇش؛ بۆلۈك، تاملارنىڭ كېسىشكەن ئورنى، ئىشىك ـ دېرىزە ئورنى قا- ئىرلىق بۆلەكلەرنى قوپۇرغاندا، ئالدى بىلەن چوڭراق چاسا تاشلار- نى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. ئارىلىقتىكى تامنى قوپۇرغاندا تاش- نىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ماسلاشتۇرۇپ تىزىش، سىرتقى قۇرغا ئىكلەپ تىزىپ، ئوتتۇرىسىنى تاش بىلەن تولدۇرۇپ قويماسلىق لازىم، تاش ئارىسىدىكى چاكلار لاي بىلەن تولغان بولۇشى، چاك- نىڭ قېلىنلىقى 30-20mm ئارىسىدا بولۇشى، چاك چوڭراق بو- لۇپ قالسا ئاۋۋال لاي بىلەن تولدۇرۇپ، ئاندىن تاشنى باستۇرۇپ قويۇش ياكى پارچە تاشلارنى پاتۇرۇپ تولدۇرۇش كېرەك.

b. تام بۆلۈكى بىلەن كېسىشكەن جايلىرىنى قوپۇرۇش، پارچە تاشلىق تامنىڭ بۆلۈكى بىلەن كېسىشكەن جايلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا قوپۇرۇپ مېڭىش لازىم. ئەگەر پارچە تاشلىق تام بىلەن خىش تام ئۇلىنىدىغان بۆلۈك ياكى كېسىشكەن جاي بولسا يەنىلا بىرلىكتە قوپۇرۇپ مېڭىش لازىم.

بۆلۈكنى قوپۇرغاندا بوي ياكى توغرا تامدىن ھەر 4ـ6 قۇر خىش ئېگىزلىكتە 120mm دىن كىچىك بولمىغان قۇلاق بىلەن توغرا ياكى بوي تامغا چىشلەشتۇرۇش كېرەك.

كېسىشىدىغان جاينى قوپۇرغاندا بوي تامدىن ھەر 4ـ6 قۇر خىش ئېگىزلىكىدىن 120mm دىن كىچىك قۇلاق بىلەن توغرامى- غا چىشلەشتۇرۇش كېرەك.




10 ـ رەسىم بۇلۇڭ بىلەن كېسىشىدىغان جاينى قوپۇرۇش

c. بىرلەشمە تامنى قوپۇرۇش. پارچە تاش بىلەن سېغىز تۇپىـ ـلىق خىشنى بىرلەشتۈرۈپ تام قوپۇرغاندا، پارچە تاش بىلەن خىشنى تەڭ قوپۇرۇپ مېڭىش كېرەك. خىش ھەر 4ـ6 قۇر قوپۇ ـ رۇلۇپ بولغاندا 2ـ3 قۇرنى باش پېتى قويۇپ، تاش تام بىلەن چىشلەشتۈرۈش. ئىككى خىل قوپۇرما ئارىسىنى سېمونت قۇم لاي بىلەن تولدۇرۇپ مېڭىش لازىم (11ـرەسىم).



11 ـ رەسىم پارچە تاش بىلەن خىش بىرلەشتۈرۈپ قوپۇرۇلغان تام

www.uyghurkitap.com

d. ئەنكاپلاش. پارچە تاشلىق تامنى قوپۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەنكاپلىۋېتىش لازىم. ئەنكاپلاش تەرتىپى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، ئاۋۋال توغرا چاكنى، ئاندىن تىك چاكنى ئەنكاپلاش ئۇسۇلى بويىچە بولىدۇ. تەكشى ئەنكاپلاش، قاپاراتما ئەنكاپلاش، ئويمان ئەنكاپلاش قاتارلىق ئەنكاپلاش شەكىللىرى — پارچە تاشلىق تامدا قوللىنىلىدىغان ئەنكاپلاش شەكىللىرىدۇر.

a. تەكشى ئەنكاپ. ئاۋۋال تامدىكى لاي قىرىپ چۇشۇرۇلىدۇ. چاكنىڭ چوڭقۇرلۇقى 10mm دىن چوڭ بولسا سۇ پۈركۈپ تازىلىنىدۇ، ئەنكاپ لېيىغا 1:2 نىسبەتلىك سېمونت قۇم لېيى (ئۇۋاق قۇم قوشۇلغان) ئىشلىتىلىدۇ. لاي پەتەك هاندۇۋا بىلەن چاك ئارىسىغا باستۇرۇلۇپ يۈزى سىلىقلىنىدۇ. ئەنكاپلىنىپ بولغاندىن كېيىن چاك ئەتراپى تۈزەپ تەكشىلىنىپ تام يۈزى سىلىقلىنىدۇ.

b. قاپارتما ئەنكاپ. ئاۋۋال تەكشى ئەنكاپلىۋېلىنىپ، لاي دەسلەپكى قېتىشىش باسقۇچىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۈستىدىن 10mm قېلىنلىقتا قاپاراتما قىلىپ سېمونت لاي بېرىلىدۇ. كەڭلىكى 20–30mm ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۈستىدىن سىلىقلانغاندىن كېيىن ئاخىرقى قېتىشىش باسقۇچىغا يېقىنلاشقاندا، پەتەك هاندۇۋا بىلەن بېسىپ تەكشىلىنىپ، ئاندىن سۇ چېچىپ ئاسرىلىدۇ.

c. ئويمان ئەنكاپ. ئاۋۋال تاش چاكلىرىنى قىرىپ تازىلاپ چوڭقۇرلۇقىنى 30mm ئەتراپىدا تەكشىلىگەندىن كېيىن، سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئاندىن پەتەك هاندۇۋا بىلەن 1:2 نىسبەتلىك سېمونت قۇم لاي بېرىلىدۇ، ئەنكاپلانغاندىن كېيىنكى چاكنىڭ چوڭقۇرلۇقى 20–10mm غىچە بولسا بولىدۇ. ئاخىرىدا ئۈستىدىن بېسىپ سىلىقلىنىدۇ. تەكشى ئەنكاپ، قاپارتما ئەنكاپ ۋە ئويمان ئەنكاپلار 12 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ.



12 ـ رەسىم پارچە تاشلىق تامنىڭ ئەنكاپلىرى

(2) ماتېرىيال تاشلىق تامنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى. ① ماتېرىيال تاشلىق تامنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى. ماتېرىيال تاشلىق تامنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى بىر باش، بىر يان قويۇپ ئۇستىمۇئۇست قوپۇرۇش، بىر باش، بىر يان قويۇپ قوپۇرۇش ۋە يان پېتى ئۇستىمۇئۇست قوپۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. ماتېرىيال تاشلىق تامنىڭ قېلىنلىقى تاشنىڭ كەڭلىكى بويىچە بولغاندا، پۈتۈنلەي يان پېتى ئۇستىمۇ ـ ئۇست قويۇپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئىككى دانە تاشنىڭ كەڭلىكى بىلەن تەڭ بولغاندا، ئىككى يان بىر ياش ياكى بىر باش بىر يان قويۇپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

② ماتېرىيال تاشلىق تامنى قوپۇرغاندا دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار. a. تانا تارتىش، ئۆلچەم گېزى قويۇش. ماتېرىيال تاشلىق تامنى قوپۇرۇشتىن ئاۋۋال ئۇلغا تامنىڭ ئوق ۋە يان سىزىقىنى بويلاپ تانا تارتىپ، ئاندىن ئۆلچەم گېزىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

b. لاي چېكىنىڭ قېلىنلىقى. لاي چېكىنىڭ قېلىنلىقى تاش ماتېرىيال تېشىنىڭ تۈرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كۆپىنچە لاي چېكىنىڭ قېلىنلىقى ئۇششاقراق تاشنىڭ 5–3mm، چوڭراق تاشنىڭ 8–6mm بولىدۇ.

## 2. توپا توسقۇچ تامنى قوپۇرۇش

توپا توسقۇچ تامنى قوپۇرغاندا تاش تام، تاش ئۇلنى قوپۇرغاندىكى بەلگىلىمەردىن سىرت يەنە تۆۋەندىكىلەر تەلەپ قىلىنىدۇ. پارچە تاشلىق توپا توسقۇچ تامنى قوپۇرغاندا ئوتتۇرا قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 20mm دىن كىچىك بولماسلىقى، ھەر 3~5 قۇرنى قەۋەتكە ئايرىش ئېگىزلىكى قىلىش، ھەر قەۋەتتە بىر قېتىم تەكشىلەپ مېڭىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىرتقا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان لاي چېكىنىڭ قېلىنلىقى 40mm دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئىككى قەۋەتكە ئايرىش ئېگىزلىكى ئارىسىدىكى چاك باستۇرۇش ئارىلىقى 80mm دىن كىچىك بولماسلىقى لازىم. (13 ـ رەسىمدىكىدەك)




13 ـ رەسىم  پارچە تاشلىق توپا توسقۇچ تامنىڭ تىك يۈزى

توپا توسقۇچ تامنى قوپۇرۇشتا لايىھەدىكى تەلەپ بويىچە يانتۇلۇقنى يىغىش (تارايتىش) ياكى باسقۇچلۇق يىغىش (تارايتىش) ھەم سۇ چىقىرىۋېتىش ئورنى قالدۇرۇش كېرەك. سۇ چىقىرىۋېتىش تۆشۈكى تۆۋەندىكى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولۇش لازىم.

تەكشى قالدۇرۇش، ھەر مېتىر ئېگىزلىكتە ھەر 2m ئارىلىقتا بىردىن قالدۇرۇش كېرەك. توپا توسقۇچ تام ئىچى تەرىپىگە توپا تىندۇرۇغاندا قەۋەتلەرگە بۆلۈپ چىڭداش، ھەر قەۋەتنىڭ قېلىنلىقى 300mm ئەتراپىدا بولۇش لازىم. ئۈستىنكى قىسمى توپا توسقۇچ تامنىڭ سىرتى تەرىپىگە يانتۇ ھالەتتە تەكشىلىنىشى كېرەك.

## § 4 . ئالاھىدە بۆلەكلەرنى قوپۇرۇش

ئالاھىدە بۆلەكلەرنى قوپۇرۇش ئىشىك ـ دېرىزە بېشى، تۈز كېمىر، تام بۇلۇڭى بىلەن قۇلاق ھەمدە ئىشىك ـ دېرىزە ئورنى ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى قوپۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ كونكرېت مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1. ئىشىك ـ دېرىزە بېشى

ئىشىك ـ دېرىزە بېشىغا ماتېرىيال تېشى ئىشلىتىلىشى، ئېگىزلىكى 450~200mm ئارىلىقىدا، كەڭلىكى بىلەن تامنىڭ قېلىنلىقى ئوخشاش، ساپ چات ئارىلىقى 1.2m دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئىشىك ـ دېرىزە بېشىنىڭ ئىككى ئۇچىنىڭ تامغا كىرىپ تۇرۇش ئۇزۇنلۇقى 250mm دىن كىچىك بولماسلىقى لازىم. (14ـ رەسىمگە قاراڭ)




14 ـ رەسىم  ماتېرىيال تاشلىق ئىشىك ـ دېرىزە بېشى

### 2. تۈز

كېمىرگە ماتېرىيال تېشى ئىشلىتىلگەندە، تاشنى شىنا شەكلىدە پىششىقلاپ تەييارلاش، سانى تاق بولۇش، قېلىنلىقى تام قېلىنلىقى بىلەن ئوخشاش بولۇش، ئېگىزلىكى ئىككى ماتېرىيال تېشى بىلەن تەڭ بولۇش، كېمىر تەگلىكىنىڭ يانتۇلۇقى °60 بولۇشى لازىم. قوپۇرغان ۋاقىتتا تۈز كېمىر ئاستىغا تىرەك قويۇپ

www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئورنىتىش، قېلىپنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئىشىك ـ دېرىزە، چات ئارىسىنىڭ 1 ° نىچىلىك ئېگىزلىكتە يانتۇلۇق چىقىرىش لازىم. ئىككى تەرىپى سىممېترىك بولۇش شەرتى ئاستىدا ئوتتۇرىسىغا قاراپ قوپۇرۇش، دەل ئوتتۇرىسىدىكى بىر دانە شىنا شەكىللىك تاشنى ئەڭ ئاخىرىدا نىقتاپ قويۇش كېرەك. ماتېرىيال تاشلىق تۇز كېمىرگە چىداملىقلىق دەرىجىسى M10 دىن يۇقىرى بولغان لاي ئىشلىتىلىدۇ. لاي چېكىنىڭ قېلىنلىقى 5mm بولىدۇ. قېلىپنى سۆككەندە لاينىڭ چىداملىقلىق لايىھەدىكى چىداملىقلىقىنىڭ 70% ىگە يەتكەن بولۇشى لازىم. ماتېرىيال تاشلىق تۇز كېمىر 15 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ.



15 ـ رەسىم ماتېرىيال تاشلىق تۇز كېمىر

## 3. تام بۇلۇڭى ۋە قۇلاق

(1) تام بۇلۇڭى. تام بۇلۇڭى دېگىنىمىز، بوي تام بىلەن توغرا تامنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدۇر.

رەتسىز پارچە تاش، دەريا تېشى بىلەن تام قوپۇرغاندا ئادەتتە ئارىلاشتۇرۇپ چىشلەشتۇرۇپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. تام بۇلۇڭى بىر يان، بىر باش ئۇستىمۇئۇست قوپۇرۇلىدۇ ياكى بىر باش، بىر يان بىرلەشتۇرۇپ قوپۇرۇلىدۇ. كۆپىنچە ياسالما تاش، كۆتەك تاش ئىشلىتىلىدۇ. رەتسىز پارچە تاش، دەريا تاشلىرى ئارىسىدىن چوڭراق تاشلارنى تاللاپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. 16ـ

رەسىم.



16 ـ رەسىم رەتسىز پارچە تاش، دەريا تاشلىق تام بۇلۇڭى ۋە قۇلاق قالدۇرۇش شەكلى

① قوپۇرۇش ئۇسۇلى ئۆزگىرىدىغان تام بۇلۇڭىدا، بوي توغرا ئىككى يۆنىلىشتە تام بۇلۇڭىنىڭ كەڭلىكى 800mm ئەتراپىدا بولۇشى، تام ئېگىز بولسا داۋاملىق ئۇزارتىش كېرەك.

② تام بۇلۇڭىغا يېقىن جايدا ئىشىك ـ دېرىزە ئورنى بولسا، ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىغىچە ئۇزارتىپ قوپۇرۇش كېرەك.

③ ئوخشاش بولمىغان تاش ماتېرىياللىرىدا تام ۋە تام بۇلۇڭىنى قوپۇرغاندا، تام بۇلۇڭىنىڭ ھەر قېتىملىق قوپۇرۇلۇش ئېگىزلىكى 1m دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

ياسالما تاش، كۆتەك تاش ياكى چاسا تاش ئىشلەتكەندە بىر باش بىر يان بىرلەشتۇرۇپ قوپۇرۇش ياكى يان پېتى ئۇستىمۇ ئۇستى بىرلەشتۇرۇپ قوپۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل قوپۇرۇش ئۇسۇلىمۇ تام بۇلۇڭىنى قوپۇرۇش تەلىپىنى قاناائەتلەندۇرىدۇ. تام گەۋدىسى بىلەن تام بۇلۇڭىنى ئايرىم قوپۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

(2) قۇلاق قالدۇرۇش. ئادەتتە تاش قۇرۇلمىلارنىڭ قۇلاق قالدۇرۇش شەكلى پەلەمپەي (باسقۇچلۇق) ۋە ھەرە چىشى شەكلىدە بولىدۇ. ئالدىنقىسى يانتۇ قۇلاق، كېيىنكىسى تىك قۇلاق بولىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ ئىچىدە يانتۇ قۇلاقنى كېيىن ئۇلاپ قوپۇرۇش ئاسان، ئۇ-نۇمى ياخشى بولىدۇ، قۇلاق قالدۇرۇش ئېگىزلىكى ھەر قېتىمدا 1m ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك.

## 4. ئىشىك - دېرىزە ئورنى ۋە ئىشىك - دېرىزە كېشەكنى قوپۇرۇش

تاش قوپۇرۇلمىلاردىكى ئىشىك - دېرىزە ئورنى تاش قوپۇر-مىلاردىكى دېرىزە تەكچىسى، ئىشىك - دېرىزە بېشى ۋە ئىشىك - دېرىزە ئارىلىقىدىكى تام بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) كېسىشتۇرۇپ، بىرلەشتۇرۇپ قوپۇرۇلىدىغان رەتسىز پار-چە تاش، دەريا تاشلىق تاملارنىڭ ئىشىك - دېرىزە ئورنى بىر باش بىر يان ئۇستىمۇئۇست قويۇش ئۇسۇلىدا قوپۇرۇلۇپ، ئىشىك - دېرىزە ئورنىنىڭ چاسا، تۈز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ئىشىك - دېرىزە ئارىسىدىكى تامنىڭ كەڭلىكى 800mm دىن ئې-شىپ كەتمىسە، پۈتۈن ئارىلىقىنى بىر باش، بىر يان ئۇستىمۇ-ئۇست بىرلەشتۇرۇپ قوپۇرۇش ياكى بىر باش، بىر يان بىرلەش-تۇرۇپ قوپۇرۇش كېرەك.

(2) ئىشىك - دېرىزە كېشەكنى ئورنىتىش. ① ئىشىك - دېرىزە كېشەكنىڭ سىرتىدىن ھەر تەرەپتىن 15mm كەڭلىكتە لاي چېكى قالدۇرۇش كېرەك.

② ئاۋۋال ئىشىك - دېرىزە كېشەكنى تىكلەپ تۇرغۇزۇپ ئاندىن تام قوپۇرۇش كېرەك.

a. ئاۋۋال 150~120mm لىق U شەكىللىك تاقا مىخ بىلەن يا-كى ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتىكى ياپىلاق تۆمۈر بىلەن تىك بۇلۇڭلۇق شەكىل چىقىرىلىدۇ.

b. تام گەۋدىسى قوپۇرۇلۇپ مۇۋاپىق قۇر سانىغا يەتكەندە، تاقا

مىخ ياكى تىك بۇلۇڭلۇق شەكىلدىكى ياپىلاق تۆمۈر قوپۇرما چىي-
كىنى بويلاپ ئىشىك - دېرىزە كېشەكگە مىخلىنىدۇ.

c. ئاخىرىدا لاي يېيىتىپ داۋاملىق قوپۇرۇلىدۇ، تۆمۈر دې-
تاللار لاي بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

# 4 - باب باشقا قوپۇرۇلمىلارنى قوپۇرۇش ئۇسۇللىرى

## 1 § . ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئىشىك بېشىنى قوپۇرۇش

### 1. ئاساسىي ساۋات

(1) ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئىشىك بېشىنىڭ رولى. ئىشىك بېشى دېگىنىمىز، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان لىم بولۇپ، ئۇ ئۈستىدىن چۈشكەن يۈكنى كۆتۈرۈش ھەمدە بۇ يۈكنى ئىككى تەرەپتىكى تامغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق، ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئاسراش رولىغا ئىگە.

(2) ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئىشىك بېشىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى. دائىم ئۇچرايدىغان ئىشىك بېشى خىش ئەگمىلىك ئىشىك بېشى، ئالدىن تەييارلانغان بېتون ئىشىك بېشى، پولات چىۋىقلىق خىش ئىشىك بېشى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بىز بۇ يەردە خىش ئەگمىلىك ئىشىك بېشى بىلەن پولات چىۋىقلىق بېتون ئىشىك بېشىنىڭ قوپۇرۇش ئۇسۇلىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

① خىش ئەگمىلىك ئىشىك بېشى. خىش ئەگمىلىك ئىشىك بېشىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى تۈز كېمىر، يايسىمان كېمىر، يېرىم چەمبەر شەكىللىك كېمىر، يۈرەكسىمان كېمىر قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ (1 - رەسىمگە قاراڭ).





1 ـ رەسىم  خىش كېمەرنىڭ شەكىللىرى

تۈز كېمەر ئادەتتە كەڭلىكى 1m ئەتراپىدا بولغان ئىشىك دېرىزىلەردە قوللىنىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 1.8m دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەگەر ئىشىك بېشىنىڭ ئۈستىدە توپلانغان يۈك ياكى ئىمارەتتە تەكشى بولمىغان ئولتۇرۇشۇش ۋە ياكى بىرقەدەر چوڭ بولغان تەۋرىنىش يۈكى بولسا، خىش ئەگمىلىك ئىشىك بېشىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

② پولات چىۋىقلىق خىش ئىشىك بېشى. بۇ ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ ئۈستىدىكى خىش قوپۇرمىنىڭ لېيى ئارىسىغا پولات چىۋىق قويۇپ ياسىلىدىغان ئىشىك بېشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىتى-

لىش دائىرىسى بەك كەڭ، چات ئارىسى بىرقەدەر چوڭ بولسىمۇ، بىراق، يەنىلا 2m دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

## 2. قۇرۇلۇش ئىش تەرتىپى

1. تۈز كېمىرلىك ئىشىك بېشىنى قوپۇرۇش. تۈز كېمىرلىك ئىشىك بېشى ئادەتتە ياتقۇ كېمىر، تىك خىشلىق كېمىر ۋە قىستۇرما خىشلىق كېمىر قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. (2 ـ رەسىم)




2 ـ رەسىم تۈز ئەگمىلىك كېمىرنىڭ شەكىللىرى

a. تىك خىشلىق كېمىر. b. ياتقۇ خىشلىق كېمىر. c. قىستۇرما خىشلىق كېمىر

مەشغۇلات تەرتىپى مۇنداق:

① ئەگمىنى دەسسىتىدىغان تاپان قالدۇرۇش. تامنى قوپۇرۇپ ئىشىك ـ دېرىزىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى بىلەن تەڭ بولغاندا، ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامدىن 30~20mm ئەتىراپىدا كېمىرنى دەسسىتىدىغان ئورۇن قالدۇرۇلىدۇ.

(2) كېمىر تەگلىكىنى قوپۇرۇش. تەگلىك ياتقۇ ھالەتتە قوپۇرۇلۇشى كېرەك. ھەربىر خىش 10mm ئەتىراپىدا چىپىپ ئېلىۋېتىپ قويۇلىدۇ. كېمىر تەگلىكىنىڭ ئومۇمىي ياتقۇلۇقى بىر خىشلىق ئەگمىنىڭ 40~30mm، بىر يېرىم خىشلىق ئەگمىنىڭ 60~50mm غىچە بولۇشى كېرەك، 3 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك.




3 ـ رەسىم كېمىر تەگلىكىنى قوپۇرۇش

③ قېلىپ تۇرغۇزۇش. قېلىپنىڭ كەڭلىكى تامنىڭ قېلىنلىقى
بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئىككى بېشى ئەگمىنى دەسسىتىدىغان
خىش بىلەن تەكشى بولىدۇ. ئەگەر خىش ئەگمىنىڭ چات ئارىسى
1.2m دىن چوڭ بولسا، قېلىپنىڭ ئاستىدىن بىر تال تىرەك قو-
يۇش كېرەك. قېلىپ توختىتىلغاندىن كېيىن، ئۈستىگە بىر قە-
ۋەت لاي يېيىتىلىدۇ، لاينى قېلىپ ئوتتۇرىسىغا قېلىنراق يېيە-
تىپ، ئەگمە شەكىل چىقىرىلىدۇ، چىقىرىلغان ئەگمىنىڭ يانتۇ-
لۇقى چات ئارىسىنىڭ 1/100 گە تەڭ بولسا بولىدۇ.

④ خىشنىڭ سانىنى بېكىتىۋېلىش. ئەگمىنىڭ ئومۇمىي ئۇ-
زۇنلۇقىغا ئاساسەن، قېلىپنىڭ تامچى تۇرىدىغان تەرەپتىكى يان
تاختىسىغا چەك بىلەن خىشنىڭ كەڭلىكى بەلگە قىلىۋېلىنىدۇ.
ئادەتتە خىشنىڭ سانى تاق بولىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا ئىككى تە-
رەپنىڭ سىممېترىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

⑤ كېمىر قوپۇرۇش. كېمىرنى قوپۇرغاندا ئاۋۋال تانا تارتىۋې-
لىنىدۇ، ئاندىن ئىككى تەرەپتىن باشلاپ ئوتتۇرىغا سىممېترىك
قىلىپ قوپۇرۇلىدۇ.

⑥ سېمونت دوغاپ قۇيۇش. خىش كېمىر قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن
كېيىن، داستىكى لايغا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ
دوغاپ قىلىپ، خىش كېمىردىكى خىش چاكلىرىغا تولدۇرۇپ قۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈلىدۇ.

⑦ چاكتىن ئېقىپ چىققان لاينى قىرىپ ئېلىۋېتىش. دوغاپنى قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، خىش چاكلىرىدىن ئېقىپ چىققان لاينى قىرىۋېتىش، لاي چېكىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئەڭ ياخشىسى 10mm ئەتراپىدا بولۇش كېرەك.

(2) يايسىمان كېمىرنى قوپۇرۇش. يايسىمان كېمىرنىڭ قوپۇرۇش ئۇسۇلى تۈز كېمىرنى قوپۇرۇش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئوخشاش.

ئىككى تەرەپتىكى خىش تامنى قوپۇرۇپ، ئەگمە دەسسەيدىغان تەگلىكنىڭ نومىنال ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ بولغاندا، ئاۋۋال قېلىپنى تۇرغۇزۇۋېلىپ ئاندىن كېمىر تەگلىكىنى قوپۇرىمىز، بۇ جەرياندا قېلىپ يايىنىڭ ئورۇنما سىزىقى تەگلىكنىڭ يانتۇلۇقىغا تىك بولۇشى كېرەك (4 ـ رەسىم a دىكىدەك). ياي شەكىللىك ئەگمىنى قوپۇرغاندىمۇ ئىككى تەرەپتىكى كېمىر تەگلىكىدىن ئوتتۇرىغا قاراپ قىستاپ قوپۇرۇش، سىممېترىك بولۇش ئۈچۈن خىش سانى تاق بولۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياي شەكىللىك قېلىپنىڭ ئورۇنما سىزىقى بىلەن ھەربىر قۇر خىش ئۆزئارا تىك ھالەتنى ساقلىشى كېرەك. ئاستىنقى لاي چېكىنىڭ قېلىنلىقى 5mm دىن كىچىك بولماسلىقى، ئۈستۈنكى لاي چېكىنىڭ قېلىنلىقى 15mm دىن چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

ئەنكاپلىق تامنى قوپۇرغاندا، خىشنى چاقلاپ پانا شەكىلگە كەلتۈرۈۋېلىپ ئىشلىتىش، ئاستى ـ ئۈستىدىكى چەكلەر بىردەك 8mm ~ 10 بولۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن سىرت قوپۇرۇش جەريانىدا ئەڭ ياخشىسى بىرنى تىك، بىرنى ياتقۇزۇپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن قوپۇرۇش كېرەك (4 ـ رەسىم b دىكىدەك). بىرىنچى قۇر كېمىرنى قوپۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، لاي تولدۇرۇش، ئاندىن بىر قەۋەت خىشنى ياتقۇزۇپ قويۇش، ئاندىن يەنە بىر قەۋەت خىشنى تىكلەپ

قويۇپ كېمىرىش كېرەك.




4 ـ رەسىم يايسىمان كېمىرنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى

(3) پولات چىۋىقلىق خىش ئىشىك بېشىنى قوپۇرۇش. ① قېلىپ تۇرغۇزۇش. تامنى قوپۇرۇپ ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىدىن 20mm ئېگىز بولغاندا ئىشىك بېشى قېلىپىنى تۇرغۇزۇش، قېلىپنىڭ ئوتتۇرىسىغا چات ئارىسىنىڭ 1/100 گە باراۋەر ئېگىزلىكتە ئەگمە چىقىرىش كېرەك. قېلىپقا سۇ چېچىش، تىرەكنى مۇستەھكەملەش ھەمدە ئىشىك ـ دېرىزە كېشىكىدىن 10mm ئېگىز قىلىپ ئورنىتىش كېرەك.

② پولات چىۋىق قويۇش. سۇۋۇلىدىغان تامنى قوپۇرغاندا، ئاۋۋال قېلىپ ئۈستىگە 20mm قېلىنلىقتا 100 نومۇرلۇق 1:3 نىسبەتلىك سېمونت لاي ياتقۇزۇپ، ئاندىن پولات چىۋىق قويۇش كېرەك. پولات چىۋىقنىڭ دىئامېتىرى ئادەتتە 5-8mm بولىدۇ. ئەگەر تامنىڭ قېلىنلىقى 120mm بولسا ئىككى تال، 240mm بولسا ئۈچ تال، 370mm بولسا تۆت تال پولات چىۋىق قويۇلىدۇ. پولات چىۋىقنىڭ ئىككى ئۇچى تىك ئىلمەك شەكلىدە ئېگىلىشى، تامنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇرۇش ئۇزۇنلۇقى 240mm دىن كىچىك بولماسلىقى ھەمدە ئىلمەك خىشنى قاماپ تۇرۇشى كېرەك (5 ـ رەسىم a دىكىدەك). ئەنكاپلىق تامنى قوپۇرغاندا ئاۋۋال بىر قۇر

تىك خىشنى قويۇرۇۋېلىپ، ئاندىن لاي يېيىتىپ، پولات چىۋىقنى قويۇپ، ئاندىن يەنە داۋاملىق قويۇرسا بولىدۇ(5 ـ رەسىم b دىكىدەك).




5 ـ رەسىم يايسىمان كېمەرنى قويۇرۇش ئۇسۇلى

a. سۇۋۇلىدىغان تام    b. ئەنكاپلىنىدىغان تام

③ خىش قويۇش. پولات چىۋىقنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن، تام بىلەن بىللە قويۇرۇلسا بولىدۇ. ئەمما پولات چىۋىقنىڭ ئۇزۇنلۇق دائىرىسى بىلەن چات ئارىسىنىڭ 1/4 نچىلىك ئېگىزلىكتىكى دائىرە ئىچىدىكى قويۇرۇمىنىڭ لاي نومۇرى تامغا ئىشلىتىلگەن لاينىڭ نومۇرىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، قويۇرۇش جەريانىدا بىرىنچى قۇر خىش تىك قويۇلىدۇ، ئاندىن تىك خىش بىلەن يانتۇ خىشنى ئالماشتۇرۇپ قو-

يۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، قوپۇرما چېكىنىڭ لاي بىلەن تولۇش دەرىجىسى 100% لىك تەلەپنى قاندۇرۇش كېرەك.

④ لاي قۇيۇش. ھەربىر قۇر خىشنى قوپۇرغاندا، ۋاقتىدا خىش ئارىسىدىكى چاكنى سۇيۇق لاي قۇيۇپ تولدۇرۇپ مېڭىش كېرەك.

⑤ چاكنى قىرىش. ئىچكى ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ پولات چىۋىقلىق خىش ئىشىك بېشى قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، سىرتقى ئەنكاپلىنىدىغان تام قوپۇرۇلۇپ بولغاندا، تام بىلەن بىرلىكتە پاكىز تازىلاش كېرەك.

## 3. قۇرۇلۇش قىلىشتا دىققەت قىلىنىدىغان ئىشلار

(1) قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا، ھەرقانداق بىر ئەگمىگە قېلىپنى توغرا قۇرۇش، قېلىپنىڭ تۈز، مەزمۇت، توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، يەنە خىش تۈز كېمىر بىلەن پولات چىۋىقلىق خىش ئىشىك بېشى قېلىپىنىڭ تېگىگە ئەگمە چىقىرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

(2) ئاستىنقى قېلىپ تاختىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىشىك - دېرىزە ئورنىدىن 10mm كىچىك بولۇشى، ئۈستۈنكى يۈزى ئىشىك - دېرىزە نورمال ئېگىزلىكىدىن بىر قۇر چەكچىلىك ئېگىز بولۇشى كېرەك.

(3) قوپۇرۇشتىن ئاۋۋال لاي چېكىنىڭ قېلىنلىقى بىلەن خىشنىڭ سانىنى ھېسابلىۋېلىش كېرەك.

(4) لاي قۇيغاندا تام يۈزىگە تۆكۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

(5) كېمىر قوپۇرغاندا خىشنى ئالدى - كەينىگە ئىتتىرىپ، قېلىپنى بوشىتىۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

(6) قوپۇرغان ۋاقىتتا، چوقۇم ئۆلچەملىك خىش ئىشلىتىش، ئىشلىتىشتىن بۇرۇن سۇغىرىش كېرەك.

(7) قېلىپنى قوپۇرمىغا ئىشلىتىلگەن لاينىڭ چىداملىقلىقى لايىھەدىكى چىداملىقلىقنىڭ 50% گە يەتكەندىن كېيىن سۆكۈش

www.uyghurkitap.com

كىرەك.

## 2 § كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقى، ئەۋرەز ۋە چىرىتىش ئورىسىنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى

**1. ئاساسىي ساۋات.** (1) كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقى

كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقى ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ سۇ چىقىرىش تۇرۇبا يولى ۋە يۇندى چىقىرىش تۇرۇبا يولى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە سۇ چىقىرىش تۇرۇبىسى يولىنىڭ كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقى كلاپان قۇدۇقى ياكى سۇ سائىتى قۇدۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 1 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. يۇندا چىقىرىش تۇرۇبا يولىنىڭ كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقى بولسا تۇرمۇشتىن چىققان پاسكىنا سۇ قۇدۇقى بىلەن سانائەتتىن چىققان كىرەكسىز سۇ قۇدۇقى دەپ ئايرىلىدۇ، بۇنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 1.5m~2 غىچە، بەزىلىرىنىڭ 3m~4 غىچە بولىدۇ.

كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقى چاسا ۋە يۇمىلاق شەكىللەردە بولىدۇ، يۇمىلاق شەكىلدىكىسى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. ئەگەر تۇرۇبا چوڭ، تارماق تۇرۇبىسى كۆپ بولغان ئەھۋالدا چاسا شەكىلنى قوللانسا قولايلىق بولىدۇ (6 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك).




6 ـ رەسىم كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقىنىڭ تۈزۈلۈشى

a. چاسا شەكىلدىكىسى. b. يۇمىلاق شەكىلدىكىسى

(2) ئەۋرەز. ئەۋرەز — پاسكىنا سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان قۇدۇق بولۇپ، يەر ئاستى تۇرۇبا يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغىلى بولمىغان ئەھۋالدا، پاسكىنا سۇنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئۇسۇلدۇر.

ئەۋرەزنى ئۆيدىن سەل يىراقراق بولغان، ئورنى پەس، تۇپرىقى سۇ سىڭدۈرۈشچان جاينى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئەۋرەزنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. پاسكىنا سۇ چىقىرىش مىقدارى كۆپرەك بولسا چوڭقۇر ھەم كەڭرەك ياساش كېرەك. ئادەتتە شېغىللىق تۇپراقتا بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولانسا بولىدۇ. ئورەك ئاستىغا مەركىزىي سىزىق بويىچە ياغاچ ياكى بېتوندىن ياسالغان قۇدۇق تەگلىكى قويۇپ، ئەۋرەز تېمىنى خىشنى تەگلىك ئۈستىگە قويۇپ، قوپۇرۇش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

(3) چىرىتىش ئورىسى. چىرىتىش ئورىسى ئاستىنقى تاختا، ئورەك دىۋارى ۋە ياپقۇچ تاختىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە چوڭقۇرلۇقى 3m ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاستىنقى تاختىسى بىلەن ياپقۇچ تاختىسى بېتوندىن قۇيۇلىدۇ، ئورەك دىۋارى خىش بىلەن قوپۇرۇلىدۇ.

## 2. قۇرۇلۇش تەرتىپى

(1) كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقىنى قوپۇرۇش. ① تارىيىشنى ھېسابلاش. كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقىنى قوپۇرۇشتىن ئاۋۋال قۇدۇقنىڭ ئېغىزى ۋە تېگىنىڭ دىئامېتىرى (ياكى تەرەپ ئۇزۇنلۇقى) نىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلەن چوڭقۇرلۇقىغا ئاساسەن، تارىيىش ئۆلچىمىنى ھېسابلاپ چىقىپ، بىر قۇر خىش ياكى بىرنەچچە قۇر خىشتا قانچىلىك تارايتىشنى بېكىتىۋېلىش كېرەك.

② قوپۇرۇش. چاسا كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقىنى قوپۇرغاندا بىر باش، بىر يان قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ؛ يۇمىلاق كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقىنى قوپۇرغاندا پۈتۈنلەي باش پېتى قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. قوپۇرۇش جەريانىدا بېكىتىۋېلىنغان تارايتىش ئۆلچىمى بويىچە ھەربىر خىشتا تارايتىپ مېڭىش كېرەك. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، خىش قويغاندا ھەر ۋاقىت تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ئەگەر يۇمىلاق قۇدۇق بولسا دىئامېتىرى بىلەن گورىزونتال تەكشىلىكىنى، چاسا قۇدۇق بولسا تۈزلۈكىنى تەكشۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، خىش قويغاندا لايىنى تولدۇرۇپ قويۇپ، سۇ كىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

③ سۇدىن مۇداپىئەلىنىش سۇۋىقى. ئەگەر قۇدۇق جايلاشقان ئورۇننىڭ تۇپرىقى بوش، يەر ئاستى سۇ ئورنى بىرقەدەر يۇقىرى بولسا، قۇدۇق تېمىنى بىر قەۋەت سېمونت لاي بىلەن سۇۋاش كې-

ـرەك.

④ تۈمۈر شوتا ئورنىتىش. قۇدۇق تېمىغا ھەر بەش قۇر خىشتا بىر نۆۋەت شوتا بالدىقى قويۇش، بالداق قۇدۇق دىۋارىدىن 15cm ئەتراپىدا چىقىپ تۇرۇشى، بىرىنچى قەدەمنىڭ بالدىقى قۇدۇق ئاستىدىن 1m ئېگىزلىكتە قويۇلۇشى كېرەك.

⑤ تۇرۇبا ئورنى قالدۇرۇش. قوپۇرۇش جەريانىدا كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقىغا كىرىدىغان ۋە چىقىدىغان تۇرۇبىلارغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك كېرەك.

⑥ قاپقاق ھالقىسى قويۇش. قۇدۇقنى قوپۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېغىزىغا قاپقاق ھالقىسى قويۇپ، ئەتراپىنى 1:3 نىسبەتلىك سېمونت لاي بىلەن سۇۋاش كېرەك.

(2) ئەۋرەزنى قوپۇرۇش. ① قۇدۇق مەركىزىنى بېكىتىش. قۇدۇق ئۇستىگە كرېست شەكىللىك مەركەز بېكىتىش بالدىقى قويۇپ، ئاندىن بالداقنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدىن ئاسما چۈشۈرۈپ، قۇدۇق ئاستىنىڭ مەركىزىنى بەلگىلەش كېرەك. ئۇسكۈنە مەركىزى بىلەن قۇدۇق ئاستىنىڭ مەركىزى بىردەك بولسا، ئاندىن قۇدۇق دىۋارىنى قوپۇرۇشقا بولىدۇ (7 ـ رەسىمگە قاراڭ).




7 ـ رەسىم ئەۋرەز قۇدۇقنى قوپۇرۇش

② تارتىشنى ھېسابلاش. ئەۋرەز قۇدۇقنىڭ ئۆلچىمى بىلەن

www.uyghurkitap.com

چوڭقۇرلۇقىغا ئاساسەن قۇدۇق دىۋارىنىڭ يانتۇلۇقىنى ھېسابلاپ چىقىپ، ھەربىر خىش ياكى بىرنەچچە قۇر خىشتا قانچىلىك تارىيىدىغانلىقىنى بېكىتىۋېلىش كېرەك.

③ قۇدۇق دىۋارىنى قوپۇرۇش. بېكىتىلگەن قۇدۇق ئايلانمىسى بويىچە، تەگلىك ئۈستىگە پۈتۈنلەي باش پېتى قويۇش ئۇسۇلى بىلەن خىش قويۇلىدۇ، بەلگىلەنگەن تارىيىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن ھەربىر قۇردا تارىيىپ ماڭىدۇ. خىش پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش تۇرۇبىسىنىڭ ئېغىزىغا بەش قۇر قالغىچە لايسىز قوپۇرۇلۇپ، ئاندىن سېمونت لاي بىلەن قوپۇرۇلىدۇ. قوپۇرۇش جەريانىدا ئۆلچەم بالدىقى بىلەن قۇدۇقنىڭ دىئامېتىرى ۋە تەكشىلىكىنى تەكشۈرۈپ مېڭىش كېرەك.

④ توپا تىندۇرۇش. ئەۋرەزنى قوپۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەتراپىنى توپا بىلەن تىندۇرۇپ، چىڭداش كېرەك.

⑤ قۇدۇق قاپقىقىنى قويۇش. قۇدۇق ئېغىزىنى سېمونت لاي بىلەن سۇۋاپ، قاپقاقنى ئولتۇرغۇزۇش كېرەك. ئەگەر قۇدۇق ئېغىزى سەل چوڭراق بولسا بىتون تاختا بىلەن يېپىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا قۇدۇقنى دائىم تازىلاپ تۇرۇشقا قولايلىق بولىدۇ.

(3) چىرىتىش قۇدۇقىنى قوپۇرۇش. ① ئاستىنى تازىلاش. چىرىتىش قۇدۇقىنى قوپۇرۇشتىن ئاۋۋال ئاستىنى پاكىز تازىلاپ، سۇ چېچىپ نەمدەش كېرەك.

② قۇدۇق تېمىنى قوپۇرۇش. قۇدۇق تېمى خىشنى بىر يان، بىر باش قويۇش ئۇسۇلى بىلەن قوپۇرۇلىدۇ. ئادەتتىكى سېغىز توپىلىق خىش بىلەن سېمونت لاي ئىشلىتىلسە بولىدۇ، ئەمما خىشنىڭ تولۇق چاك بېسىشىغا ھەمدە يەنە چاكنىڭ لاي بىلەن تولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئەڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەت خىشنى

تىكلەپ قويۇش كېرەك.

③ تورۇبا قويۇش. خىش قويۇش جەريانىدا قۇدۇق ئىچىدىكى ھەر خىل تورۇبا ۋە قوشۇمچە دېتاللارنى تام ئىچىگە مۇقىم ئورنىتىپ تام قوپۇرۇش ھەمدە ئەتراپىنى سېمونت لاي بىلەن ئېتىش كېرەك. ئۇلارنىڭ بوشاپ كېتىشىگە ۋە سۇ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇپ قېلىشىغا بولمايدۇ.

④ سۇ ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش سۇۋىقىنى سۇۋاش. قۇدۇق تېمى نورمال ئېگىزلىككە يەتكەندىن كېيىن، ئىچى ۋە ئاستىنى ئوبدان سۇۋاش كېرەك.

## 3. قۇرۇلۇش قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

(1) كۆزنەك - تەكشۈرۈش قۇدۇقىنى قوپۇرۇش. ① قۇدۇق دېۋارىنى قوپۇرغاندا ئوخشاش بىر كۆزنەك - تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىكى تورۇبىلارنىڭ كىرىش - چىقىش ئورنى بىر تەكشىلىكتە بولۇشى كېرەك.

② قۇدۇق دېۋارىدىن تورۇبا ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسە، تورۇبا ئەتراپىنى سېمونت لاي بىلەن ئوبدان ئېتىش كېرەك.

③ ئەگەر كۆزنەك - تەكشۈرۈش قۇدۇقىغا سۇ كىرىش ۋە سۇ چىقىرىش تورۇبىسى ئورنىتىلسا، ئالدى بىلەن سۇ چىقىرىش تورۇبىسىنى ئورنىتىپ، ئاندىن قۇدۇق دېۋارى سۇ كىرىش تورۇبىسىنىڭ ئاستىغىچە قوپۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇ كىرىش تورۇبىسىنى قويۇپ قوپۇرۇش كېرەك.

(2) ئەۋرەزنى قوپۇرۇش. ① ئەۋرەز قۇدۇقىنىڭ دېۋارىنى قۇرۇق قوپۇرغاندا، ئەگەر خىش تەكشى تىزىلماي قالسا، قۇرۇق قۇم يېيىتىپ تەكشىلەش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

② ھەر تەگلىكنى چۇشۇرگەندە بىر قېتىم مەركىزىنى ۋە گورىزونتاللىقىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. تەكرار چۇشۇرۇش قېتىم سانى پىلان قىلىنغان چوڭقۇرلۇققا يەتكۈچە داۋاملىشىدۇ. تەگلىكنى چۈكتۈرۈش تاماملانغاندىن كېيىن، قۇدۇق ئاستىغا ئىشغىل ياتقۇزۇلىدۇ.

③ ئەۋرەز قۇدۇقىنىڭ تېمىنى قوپۇرۇشتىمۇ چاك باستۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. قۇدۇق دىۋارىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى خىش ئارىلىرىغا پارچە خىش قويۇپ تولدۇرۇپ مېڭىش كېرەك.

(3) چىرىتىش ئورىكىنى قوپۇرۇش. ① چىرىتىش ئورىكىنى قوپۇرغاندا ئۇنىڭ سىرتقى تېمى بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى تېمىنى بىرلىكتە قوپۇرۇش كېرەك.

② ئورەك دىۋارىدىكى سۇ كىرىش، سۇ چىقىش تۆشۈكلىرى ھەم توساق تېمىدىكى تۆشۈكنى چوقۇم لايىھەدىكى ئۆلچەم ۋە نورمال ئېگىزلىك بويىچە قالدۇرۇش كېرەك.

## 3 § . تۇرخۇننى قوپۇرۇش

تۇرخۇننى قوپۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تۈرى ۋە تۈزۈلۈشىنى ھەمدە يەنە قانداق ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەر بىلەن قوپۇرۇشنى بىلىۋېلىشىمىز لازىم.

### 1. ئاساسىي ساۋات

(1) تۇرخۇننىڭ تۈرلىرى. تۇرخۇن ئادەتتە يۇمىلاق تۇرخۇن ۋە چاسا تۇرخۇن دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ تۇ-

زۇلمە پىرىنسىپى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇل، گەۋدە، ئىچكى شەكىل، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەس قەۋەت، تۇرخۇن چوققىسى قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. تۇرخۇن گەۋدىسىگە شوتا، بوغما چەمبەر، ئارام ئېلىش پەشتىقى، چاقماق قايتۇرغۇچ قاتارلىق قوشۇمچە ئەسلىھەلەر سەپلىنىدۇ (8 ـ رەسىمگە قاراڭ).

تۇرخۇنغا يۇمىلاق ئۇل كۆپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە نەق مەيداندا بېتون بىلەن قۇيۇلىدۇ. ئانچە ئېگىز بولمىغان خىش تۇرخۇننىڭ ئۇلى تاش ياكى خىش بىلەن قوپۇرۇلىدۇ.

تۇرخۇن گەۋدىسى ئېگىزلىكى بويىچە بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، ھەر بۆلەكنىڭ ئېگىزلىكى 10m ئەتراپىدا بولىدۇ، ھەربىر بۆلەكتىكى تۇرخۇن تېمىنىڭ قېلىنلىقى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ، ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلەردىكى تۇرخۇن تېمىنىڭ قېلىنلىقى ئاستىدىن ئۈستىگە قاراپ نېپىزلاپ ماڭىدۇ، ئۇنىڭ كونكرېت سانلىق ئاساسلىرى لايىھەدە بېكىتىلىدۇ.

تۇرخۇن گەۋدىسىنىڭ سىرتى 75 ـ نومۇرلۇقتىن يۇقىرى بولغان ماشىنا خىشى بىلەن قوپۇرۇلىدۇ؛ ئىچكى دىۋارى ئوتقا چىدامىلىق خىش، ئوتقا چىدامىلىق لاي بىلەن قوپۇرۇلىدۇ؛ ئىسسىقلىق ئايرىش قەۋىتى بوش قالدۇرۇلغان قەۋەت ۋە ماتېرىيال تولدۇرۇلغان ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەس قەۋەت دەپ ئىككى خىل بولىدۇ؛ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېتال قۇرۇلمىلىق بولۇپ، قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا لايىھەدىكى نورمال ئېگىزلىك بويىچە كۆمۈلۈپ ماڭىدۇ ۋە داتلىنىشتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

(2) تۇرخۇن قوپۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەر. تۇرخۇننىڭ سىرتقى تېمىنىڭ تۈزۈلۈشى 1.5%~3% گىچە يانتۇ بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى قوپۇرۇشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان تاچىلىق ئەسۋابلىرىدىن باشقا يەنە چوڭ ئاسما (10 كىلوگراملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كرېست بالداق، پەركا، يانتولۇق چۆپگېزى قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ (8 ـ رەسىمگە قاراڭ).




8 ـ رەسىم تۇرخۇن قوپۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار

(3) تۇرخۇن قوپۇرۇش ئۇسۇلى. ① سىرتىغا تاختىپەر قويۇپ قۇرۇلۇش قىلىش. كىچىك تىپتىكى تۇرخۇننى قوپۇرغاندا، ئاۋۋال سىرتىغا ئايلاندۇرۇپ قوش تاختىپەر قۇراشتۇرۇش، تامچى تاختىپەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ خىش قويۇش كېرەك.

② تۇرخۇن ئىچىگە قۇدۇق جازىسى شەكىلدىكى لىفىت ياساپ قۇرۇلۇش قىلىش. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن تۇرخۇن گەۋدىسىنىڭ ئىچكى بوشلۇقىغا تىك قۇدۇق جازىسى ئورنىتىپ مەشغۇلات سۇپىسىنى قۇدۇق جازىسىغا تەتۈر زەنجىرلىك ئېسىش كېرەك.

تارايتقىلى بولىدىغان ئىچكى مەشغۇلات سۇپىسىنى قۇدۇق جازىسىغا ئاسقاندا، قۇدۇق جازىسى ئىچىگە قۇراشتۇرۇلغان ئاسما سىۋەت ئارقىلىق ماتېرىيالنى تىك يۆنىلىشتە توشۇغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل دىئامېتىرى 2m دىن چوڭ بولغان چوڭ تىپتىكى تۇرخۇنلارنى قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## 2. قۇرۇلۇش قىلىش ئىش تەرتىپى

(1) يۇمىلاق تۇرخۇننى قوپۇرۇشنىڭ ئىش تەرتىپى. ① ئۇلنى قوپۇرۇش. تۇرخۇن ئۇلى پولات چىۋىقلىق بېتوندىن قۇيۇلىدۇ. ئۇل قوپۇرۇلۇپ ±0.000m ئورۇنغا يەتكەندە پۈتىدۇ. بۇ جەرياندا ئىچىگە تارايمايدۇ، ئۇلنىڭ تىكلىكى تىك چۆپچەز بىلەن تەكشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ. خىش قۇرلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئۆلچەم گېزىگە ئاساسەن كونترول قىلىنىدۇ. ئۇل پۈتكەندىن كېيىن نورمال ئېگىزلىكى، مەركىزي ئوق سىزىق، تىكلىك، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ھەمدە دىئامېتىرى ۋە ئۈستىنىڭ گورىزونتال تەكشىلىكى قاتارلىقلار ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلىدۇ، لاياقەتلىك بولسا تۇرخۇن گەۋدىسى قوپۇرۇلىدۇ.

② تۇرخۇن گەۋدىسىنى قوپۇرۇش. a. ئىچكى ۋە تاشقى چەمبەرنىڭ ئايلانما سىزىقىنى سىزىۋېلىش. ئالدى بىلەن ئوڭ - سول، ئالدى - كەينىدىكى كونترول قىلىش تاختىسى ئارقىلىق ئۇل ئۈستىگە «+» سىزىۋېلىپ، ئاندىن «+» قا ئاساسەن تەگلىكنىڭ مەركىزىنى بېكىتىۋالىمىز. مۇشۇ مەركەز ئارقىلىق تۇرخۇننىڭ دىئامېتىرى ئۆلچىنىدۇ، ئاندىن ئايلانما بالداق بىلەن تۇرخۇن تېمىنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى ئايلانمىسى سىزىپ چىقىلىدۇ.

b. ئۇلنى تەكشۈرۈش، تازىلاش. ئاۋۋال ئۇلنىڭ تەكشىلىكى تەكشۈرۈلىدۇ، ئەگەر ئويمان - دۆڭلۈك پەرقى 30mm دىن ئېشىپ

كەتسە بىتون بىلەن تەكشىلەپ، ئاندىن 1:2 لىق سېمونت لاي بىلەن ئۇل ئۈستى تولۇق سۇۋىلىدۇ. خىش قوپۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇل ئۈستىنى پاكىز تازىلىۋېتىپ، سۇ چېچىپ نەمدەش كېرەك.

c. خىشنىڭ تىزىلىشى. خىش ئاساسەن باش پېتى قويۇلىدۇ. ئەگەر تۈرخۈننىڭ دىئامېتىرى 5m دىن چوڭ بولسا، خىشنى بىر يان بىر باش قويۇش ئۇسۇلى بىلەن قوپۇرسا بولىدۇ. ئەمما قوپۇرۇش جەريانىدا چوقۇم ئاستى - ئۈستىدىكى ئىككى قۇر خىشنىڭ يېرىم خىش چاك بېسىپ مېڭىشى كېرەك. ئادەتتە گورىزونتال چاكلار 10~8mm بولۇشى، تىك چاكلار 12~10mm بولۇشى كېرەك (9 - رەسىمگە قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆل چىقىرىش تۆشۈكى، ئىس يولى قاتارلىقلارنىمۇ لايىھە بويىچە ئۆلچەملىك قوپۇرۇپ چىقىش كېرەك.



9 - رەسىم تۈرخۈن گەۋدىسىنى قوپۇرۇش

d. قوپۇرۇش ئۇسۇلى. تۈرخۈن گەۋدىسىنى قوپۇرغاندا ئۈچ يان بىر باش قويۇش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ. ئىچكى تېمىنى قوپۇرۇشتا بولسا «بىر دە ئىككى» خىش قويۇش ئۇسۇلىنى ئالماشتۇرۇپ قوللانسا بولىدۇ. قوپۇرۇش جەريانىدا سىرتقى تامنى بالدۇر، ئىچكى تامنى كېيىن قوپۇرۇپ، ئاندىن ئىككى تام ئارىسىنى تولدۇرۇش تەرتىپى بويىچە ئىشلەش كېرەك. ئەگەر تامچىلار بىر يۆنىلىشتە ئايلىنىپ قوپۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانسا، تامچىلارنىڭ قوپۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققىدىغان ئې-

غىش پەرقىنى ئۇنۇملۇك يوقاتقىلى بولىدۇ (10 ـ رەسىمگە
قاراڭ). دىققەت قىلىش كېرەككى، قوپۇرۇش جەريانىدا گورىزون-
تال چاكلارنىڭ لاي بىلەن تولۇش نىسبىتى 80% يۇقىرى بولۇ-
شى، تىك چاكلارنىڭ 95% يۇقىرى بولۇشى لازىم. قوپۇرۇش جەر-
يانىدا يەنە تۇرخۇن گەۋدىسىنىڭ گورىزونتال تەكشىلىكىنى تەك-
شۈرۈپ تۇرۇش، ھەر 5 قۇر خىشتا بىر قېتىم تارىيىش يانتۇلۇ-
قىنى تەكشۈرۈش، تۇرخۇن گەۋدىسىنىڭ مەركىزىي سىزىقى، تىك-
لىكى، كەسمە يۈز ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى ھەربىر جازا تامنى قو-
پۇرۇپ بولغاندا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ مېڭىش، تەكشۈرۈش نەتى-
جىسىدە رۇخسەت قىلىنىغان ئېغىش پەرقىدىن ئېشىپ كېتىش
ئەھۋالى كۆرۈلسە ۋاقتىدا بۇزۇپ قايتا قوپۇرۇش كېرەك.




10 ـ رەسىم بىر يۆنىلىشتە ئايلىنىپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى

e. قوشۇمچە ئەسلىھەلەرنى ئورنىتىش. قوشۇمچە ئەسلىھەلەر
نورمال ئېگىزلىك 0.000± دىن باشلاپ ئۆلچىنىپ، قوپۇرۇش
جەريانىدا توغرا ئورنىتىلىشى، تامغا كىرىپ تۇرۇش ئۇزۇنلۇقى
240mm دىن كىچىك بولماسلىقى ھەمدە 100 نومۇرلۇق لاي بىلەن
پۇختا باستۇرۇلۇشى كېرەك.

شوتا بالداقلىرىنىڭ ئارىلىقى تەڭ بولۇشى، ئاستى ـ ئۈستى
ئۇدۇل، تەكشى بولۇشى كېرەك. ھاۋا ئۆتۈشۈش تۆشۈكلىرى لايى-
ھەدىكى ئورنى بويىچە قالدۇرۇلۇشى كېرەك. تۇرخۇن گەۋدىسىنى
بوغۇپ تۇرىدىغان چەمبەرلەر گورىزونتال يۆنىلىشتە تەكشى ئور-
نىتىلىشى، ئۇلانغان جايلىرى بىر تۈز سىزىقتا چۈشۈپ قالماسلى-

قى كېرەك.

f. ئەنكاپلاش. ئەنكاپلاشقا 1:2 نىسبەتلىك سېمونت لاي ئىشلى-
تىش كېرەك. ھەربىر جازا ئورنىنى قوپۇرۇپ بولغاندىن كېيىن
دەرھال ئەنكاپلىنىۋېتىش ھەمدە تام يۈزىنى پاكىزلىنىۋېتىش كېرەك.

g. تۇرخۇن گەۋدىسىنىڭ ئىچ تېمىدىكى خىش لەمپىنى قوپۇ-
رۇش. ئىچ تامدىكى خىش لەمپە پەلەمپەي شەكلىدە ئىچىگە قارد-
تىپ قوپۇرۇلىدۇ، قېلىنلىقى ئىچ تام بىلەن ئىسسىقلىق ئايرىش
قەۋىتىنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، چىقىپ
تۇرۇش ئۇزۇنلۇقى 60mm دىن كىچىك بولىدۇ. چىقىپ تۇرغان
ھەربىر پەلەمپەينىڭ ئېگىزلىكى 120mm دىن چوڭ بولىدۇ (11 ـ
رەسىم aغا گە قاراڭ).




11 ـ رەسىم تۇرخۇن ئىچكى لەمپىسى بىلەن تۇرخۇن
بېشىنىڭ قوپۇرۇلۇشى

a. ئىچكى لەمپىنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى. b. تۇرخۇن بېشىنى قوپۇرۇش ئۇسۇلى

h. تۇرخۇن بېشىنى قوپۇرۇش. تۇرخۇن بېشى پەلەمپەي شەكلىدە سىرتىغا چىقىرىپ قوپۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ كەڭلىكى 180mm ~ 240، چىقىپ تۇرۇش ئۇزۇنلۇقى ئەڭ ياخشىسى 60mm دىن كىچىك بولۇشى، ئېگىزلىكى 120mm دىن چوڭ بولۇشى كېرەك (12ـ b رەسىم b گە قاراڭ). تۇرخۇن چوققىسى 1:2 لىك سېمونت لاي بىلەن °49 ياكى °60 يانتۇلۇقتا سىرتىغا سىېرتما قىلىپ سۇۋىلىدۇ.

③ ئىچكى تامنى قوپۇرۇش. ئىچكى تامنى قوپۇرۇشتا قەۋەتلەرگە بۆلۈپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ قېلىنلىقى يېرىم خىش بولغاندا، خىش بويىغا قويۇلۇپ، يېرىم خىش چاك باستۇرۇلىدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى بىر خىش بولغاندا، خىش باش پېتى قويۇلۇپ، 4 تىن 1 خىش چاك باستۇرۇلىدۇ. خىش ھەر 8 قۇر قوپۇرۇلغاندا گورىزونتال ئارىلىقىنى 1 مېتىر ئەتراپىدا قالدۇرۇپ، بىر باش خىشنى سىرت تامغا تىرەپ قويۇش كېرەك. ئىچكى تامنى قوپۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېقىپ چىققان لاينى ۋاقتىدا قىرىپ ئېلىۋېتىش كېرەك.

④ ئىسسىقلىق ئايرىش قەۋىتىنى ئىشلەش. ئەگەر بوشلۇق قالدۇرۇپ ئىسسىقلىق ئايرىش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، ئىچكى تام بىلەن سىرتقى تام ئارىسىغا لاي ۋە پارچە خىشلارنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر ماتېرىيال تولدۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، ئىچكى تامنى قوپۇرۇش جەريانىدا ھەر 5~10 قۇر خىشتا بىر قېتىم تولدۇرۇپ مېڭىش كېرەك. ئىسسىقلىق ئايرىش ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن بېسىلىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ھەر 2~2.5 مېتىردا يۈكنى يېنىكلىتىش بەلۋېغىدىن بىر ئايلانما قوپۇرۇش كېرەك (a رەسىمگە قاراڭ). تۇرخۇن گەۋدىسىنى قوپۇرۇپ ئىچكى تامنىڭ چوققىسىغا يەتكەندە ياكى سىرتقى تامنىڭ قېلىنلىقىنى تارايتقان ۋاقىتتا، سىرت تامدىن ئىچىگە قارىتا خىش لەمپە چىقىرىپ، ئىسسىقلىق ئايرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەۋەتنىڭ ئۈستۈنكى ئېغىزىنى ئېتىۋېتىش لازىم (12 ـ رەسىم b گە قاراڭ). ئەگەر تولۇق ئىسسىقلىق ئايرىش قەۋىتى قوللىنىلـغان بولسا، ئۈستىنى ئېتىۋەتمەسلىك، ھەمدە ئېچكى تامنىڭ چوققىسىدىن 120mm ئېگىزلىكتە لەمپە چىقىرىش لازىم.




12ـ رەسىم تۈرخۇن لەمپىسى ۋە بېسىمنى ئازايتىش بەلۋېغى
a. بېسىمنى ئازايتىش بەلۋېغى b. لەمپە

(2) چاسا تۈرخۇننى قوپۇرۇش. چاسا تۈرخۇننىڭ قوپۇرۇلۇش ئۇسۇلى، مەشغۇلات قائىدىسى، سۈپەت تەلىپى، ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەر ۋە نورمال ئېگىزلىكى، مەركىزىي ئوق ۋە تىكلىكىنىڭ كونترول قىلىنىشى قاتارلىقلار ئاساسەن يۇمىلاق تۈرخۇننىڭكى بىلەن ئوخشايدۇ، پەقەت ئايرىم جايلىرىلا پەرقلىنىدۇ.

① چاسا تۈرخۇننى قوپۇرغاندا چوقۇم ھەربىر قۇر خىشنى تەكشى قوپۇرۇش، تارايتقاندا پەلەمپەيسىمان تارايتىش، تارايتىش دەرىجىسى چوقۇم لايىھەدىكى يانتۇلۇقنىڭ سانلىق قىممەتلىرى بويىچە بولۇش كېرەك.

② چاسا تۈرخۇننىڭ تىكلىكىنى كونترول قىلىشتا ئاساسلىقى تۆت بۇلۇڭىدىن مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىقنى تەكشۈرۈپ كونترول قىلىش كېرەك.

③ ئادەتتە چاسا تۈرخۇن ئۈچ يان، بىر باش ياكى بىر يان، بىر

باش قويۇش ئۇسۇلى بىلەن قوپۇرۇلىدۇ، بۇ جەرياندا چاك باستۇ-رۇش تەلىپىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئايلىنىش بۆلۈكىنى قوپۇرغاندا چېپىپ تەييارلانغان 4 تىن 3 ئۆلۈشلۈك خىش ئىشلىتىش كې-رەك. ئەمما ھەربىر قۇرنىڭ باسقۇچىنى تارايتقاندا، تارايتىش سە-ۋەبىدىن بارلىق بۆلۈك خىشلارنى چېقىشقا بولمايدۇ.

(3) ئىس يولىنى قوپۇرۇش. تۇرخۇن ئاستىدىكى ئىس يولى ئېغىزىدىن ئوچاقنىڭ ئىس چىقىش ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىق ئىس يولى دېيىلىدۇ (13 ـ رەسىمگە قاراڭ).



13ـرەسىم ئىس يولىنىڭ كەسمە يۈزى

① ئىچكى تام بىلەن ئىس يولىنىڭ سىرتقى تېمىنى قوپۇ-رۇش. ئىچكى تام بىلەن ئىس يولىنىڭ سىرتقى تېمى بىرلا ۋاقىتتا قوپۇرۇلىدۇ.

② قېلىپ ئورنىتىش. ئىچكى تام بىلەن ئىس يولىنىڭ سىر-قى تېمىنى بىرلا ۋاقىتتا قوپۇرۇپ كېمىر تاپىنىنىڭ ئېگىزل-

www.uyghurkitap.com

كىگە يەتكەندە، كېمىر تاپىنىنىڭ نورمال ئېگىزلىكىگە ئاساسەن ئىچكى تامغا تاپان قېلىپى قۇرۇلىدۇ ھەمدە تىرىگۇچ بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

③ ئىچكى كېمىرنى قوپۇرۇش. ئىچكى كېمىرنى قوپۇرغاندا، خىشنى يان ھالەتتە قويۇپ قوپۇرۇش ھەمدە ئىككى تەرەپتىكى كېمىر تاپىنىدىن كېمىر چوققىسىغا قاراپ قوپۇرۇش تەرتىپىدە ئىشلەش كېرەك.

④ پاخال پالاس سېلىش. ئىس يولىنىڭ كېمىرى قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىگە سىرتقى كېمىرنىڭ قېلىپى ئورنىدا بىر قەۋەت پاخال پالاس سېلىنىدۇ.

⑤ سىرتقى كېمىرنى قوپۇرۇش. سىرتقى كېمىرمۇ ئىككى تەرەپتىكى كېمىر تاپىنىدىن كېمىر چوققىسىغا قارىتىپ قوپۇرۇلىدۇ.

⑥ سېمونت دوغاپ قۇيۇش. سېمونت دوغاپ تەييارلاپ كېمىر ئۈستىدىكى خىش چاكلىرىغا قويۇلىدۇ.

⑦ خىش يېپىتىش. ئىس يولىنىڭ ئاستىغا ئوتقا چىداملىق خىش يېپىتىلىدۇ.

## 3. قۇرۇلۇش قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

(1) ئورۇن بەلگىلەش ۋە مەركىزىي ئوق سىزىقىنى كونترول قىلىش. تۇرخۇننىڭ ئالدى ـ كەينى، ئوڭ ـ سول كونترول قىلىش تاختىسىنى پولات چىۋىقلىق بىتوندىن قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، تېئودولىت بىلەن بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كۆرۈش، خاتالىق كۆرۈلمىسە كونترول قىلىش تاختىسىنىڭ قارىمۇقارشى بۇلۇڭلىرىغا تانا تارتىپ، ئىككى تانىنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسى تۇرخۇننىڭ مەركىزى قىلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن بىتون ئۇل ئۈستىگە تىك ئاسما ئېسىپ، ئاندىن ئاسما ئارقىلىق بېكىتىلگەن مەركەزگە مىخ قېقىلىدۇ. مانا بۇ تۇرخۇننىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولىدۇ.

(2) قوپۇرۇش جەريانىدا مەركەزنى كونترول قىلىش. قوپۇرۇش جەريانىدا، ھەر 500mm قوپۇرغاندا بىر قېتىم مەركىزىي ئوق سىزىقىنىڭ ئورنى تەكشۈرۈلىدۇ. تەكشۈرۈش ئۇسۇلى مۇنداق: كرېست بالداقنى قوپۇرۇلغان تۇرخۇن ئۈستىگە قويۇپ، كرېست مەركىزىدىن ئاسما چۈشۈرۈپ تۇرخۇن ئاستىدىكى مەركىزىي نۇقتىغا توغرىلىنىدۇ، ئاندىن كرېست بالداقتىكى پەركانى ئايلاندۇرسا، تۇرخۇن گەۋدىسىنىڭ تارىيىشىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(3) تۇرخۇننىڭ نورمال ئېگىزلىكىنى كونترول قىلىش. تۇرخۇن ئۇلى يەر يۈزىگىچە قوپۇرۇلغاندىن كېيىن، شەيتان بىلەن سىرتقى ئايلانمىسىنىڭ ±0.000 نورمال ئېگىزلىكى بېكىتىلىدۇ ھەم ئېنىق خاتىرىلىنىدۇ. كېيىن، تۇرخۇن گەۋدىسى قېلىنلىقىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ياكى ھەر 5m قوپۇرغاندا پولات گەز بىلەن نورمال ئېگىزلىكتىن ھەرقايسى نۇقتىلارغىچە قوپۇرۇلغان ئېگىزلىك ئۆلچىنىدۇ ۋە قىزىل سىر بىلەن بەلگە سېلىنىدۇ.

(4) تۇرخۇننىڭ تىكلىكىنى كونترول قىلىش. تۇرخۇننىڭ تىكلىكىگە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا تۇرخۇن گەۋدىسىنىڭ تارىيىشىنىڭ توغرا بولۇشى بەك مۇھىم، بۇ يانتۇ چۆپگەز بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۆلچەش ئۇسۇلى مۇنداق: يانتۇ چۆپگەزنى تۇرخۇننىڭ سىرتقى تېمىغا چاپلاپ تۇرغۇزۇلىدۇ، كرېست بالداق مەركىزىدىن چۈشۈرۈلگەن ئاسما يانتۇ چۆپگەزدىكى قارا سىزىق بىلەن ئۈستمۇئۈست چۈشسە، بۇ تۇرخۇن گەۋدىسىنىڭ تىكلىكى لاياقەتلىك بولغان بولىدۇ.

### 4. سۈپەتنى كونترول قىلىشقا ئالاقىدار ئۆلچەملەر

تۇرخۇن ئۇلىنىڭ ئەمەلىي ئۆلچىمى بىلەن ئورنىنىڭ رۇخسەت قىلىش ئېغىش پەرقى 1 - جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى. تۇرخۇن گەۋدىسىنىڭ قوپۇرۇلۇش ئەمەلىي ئۆلچىمىنىڭ رۇخسەت قىلىش ئېغىش پەرقى 2 - جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى. ئىچكى تامدىكى خىش چاكلىرىنىڭ قېلىنلىقىنىڭ رۇخسەت قىلىش خاتالىق پەرقى بى-

www.uyghurkitap.com

لەن بەك قېلىن بولۇپ كەتكەن خىش چاكلىرىنىڭ رۇخسەت قىلىش سانلىق مىقدارلىرى 3 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

1 ـ جەدۋەل تۈرخۇن لىمىنىڭ ئەمەلىي ئۆلچىمى ۋە ئورنىنىڭ رۇخسەت قىلىش ئېغىش پەرقى

| بەت نومۇرى | تۈرى | رۇخسەت قىلىنىغان خاتالىق پەرقى (mm) | تەكشۈرۈش ئۇسۇلى |
|---|---|---|---|
| 1 | مەركىزىي نۇقتا ئورنىنىڭ ئېغىشى | 15 | تېئودولىت ياكى تانا تارتىش ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدۇ |
| 2 | ئويماق ئېغىزى دىۋارىنىڭ قېلىنلىقى | ±20 | يىپ تارتىپ ۋە گەز بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ |
| 3 | ئويماق ئېغىزى ئىچىدىكى قىسمەن ئويمان ـ دۆڭنىڭ تەكشىسىزلىكى (يېرىم رادىئوس بويلاپ) | ئىچكى دىئامېتىرىنىڭ 1%، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 50 دىن چوڭ بولماسلىق | تانا تارتىش ۋە گەز بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ |
| 4 | ئويماق ئېغىزىنىڭ نەچكى دىئامېتىرى | ئىچكى دىئامېتىرىنىڭ 1%، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 50 دىن چوڭ بولماسلىق | تانا تارتىپ ۋە گەز بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ |
| 5 | تاختا تەگلىكىنىڭ دىئامېتىرى بىلەن قېلىنلىقىنىڭ قىسمەن پەرقى | ±20 | تانا تارتىش ۋە گەز ياكى چۆپگەز بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ |
| 6 | تاختا تەگلىك بىلەن تام گەۋدىسىنىڭ چوقىسىنىڭ نورمال ئېگىزلىكى | ±15 | شەيتان ياكى گەز بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ |

## 2 ـ جەدۋەل تۆرخۇن گەۋدىسىنىڭ قوپۇرۇلۇش ئەمەلىي ئۆلچىمىنىڭ رۇخسەت قىلىش ئېغىش پەرقى

| بەت نومۇرى | تۈرى | رۇخسەت قىلىنغان خاتالىق پەرقى (mm) | تەكشۈرۈش ئۇسۇلى |
|---|---|---|---|
| 1 | 100 مېتىردىن تۆۋەن بولغان تۆرخۇننىڭ مەركىزي سىزىقىنىڭ تىكلىكىدىكى پەرق | تۆرخۇن ئېگىزلىكىنىڭ 0.15%، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەڭ چوڭ بولغاندىمۇ 111 دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. | لازېر نۇرلۇق تېئودولىت ياكى ئاسما، گەز بىلەن ئۆلچىنىدۇ |
| 2 | خالىغان بىر كەسمە يۈزنىڭ دىئامېتىرى | شۇ كەسمە يۈز دىئامېتىرىنىڭ 0.1%، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەڭ چوڭ بولغاندىمۇ 50 دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. | ئايلانما بالداق (رادىئۇس بالداق كىرىست بالداقمۇ دېيىلىدۇ) ۋە گەز بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ |
| 3 | ئىچكى ـ تاشقى يۈزىدىكى قىسمەن ئويمان ـ دۆڭنىڭ تەكشىسىزلىكى (رادىئۇس بويلاپ) | شۇ كەسمە يۈز دىئامېتىرىنىڭ 0.1%، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەڭ چوڭ بولغاندىمۇ 50 دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم | مەركىزي نۇقتا ئورنىنىڭ ئېغىشى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**3 ـ جەدۋەل ئىچكى تامدىكى خىش چاكلىرىنىڭ قېلىنلىقىنىڭ رۇخسەت قىلىش خاتالىق پەرقى ۋە بەك قېلىن بولۇپ كەتكەن خىش چاكلىرىنىڭ رۇخسەت قىلىش سانلىق مىقدارلىرى**

| رەت نومۇرى | ئىچ لەمپىنىڭ تۈرى | خىش چېكىنىڭ قېلىنلىقى (mm) | خىش چېكى قېلىنلىقىنىڭ رۇخسەت قىلىنغان ئەڭ چوڭ قىممىتى (mm) | 5m² لىق سىرتقى يۈزىدىن 10 ئورۇننى تەكشۈرگەن ۋاقىتتا بەك قېلىن بولۇپ كەتكەن خىش چېكىنىڭ رۇخسەت قىلىنىدىغان سانى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | قىزىل خىش، دىئاتوم توپىلىق خىش | 8 | +4 | 7 |
| 2 | سىغىز توپىلىق خىش بىلەن كىسلاتاغا چىدامىلىق خىش | 4 | +2 | 5 |
| 3 | ئىسسىقلىققا چىدامىلىق بېتون قۇيما كۆتەك خىش | 6 | +3 | 5 |

# 5 ـ باب سۇۋاقچىلىق قۇرۇلۇشى

سۇۋاقچىلىق قۇرۇلۇشى دېگىنىمىز، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تام، پول، تورۇسلىرىنى سۇۋاق لېيى بىلەن سۇۋاشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى بېزەكچىلىك قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. سۇۋاقنىڭ ئىمارەت ئاساسىي گەۋدىسىنى ئاسراشتىن باشقا يەنە تام يۈزلىرىنى ھەر خىل بېزەش ھەمدە تۈزۈلمە قەۋىتى چاپلاش رولى بار.

## §1 . كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۇۋاقچىلىق ئەسۋابلىرى

### 1. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قول ئەسۋابلىرى

(1) ھاندۈۋا (5ـ1ـ1ـ جەدۋەلگە قاراڭ)

1 ـ جەدۋەل كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ھاندۈۋىلار

| رەت نومۇرى | نامى | تۈزۈلۈشى | ئىشلىتىلىشى | رەسىم |
|---|---|---|---|---|
| 1 | تۆمۈر ھاندۈۋا | تۈز ياكى يۇمىلاق باشلىق | ئاستىنقى قەۋەت سۇۋىقى، يۈيۈلما تاش سۇۋاق، بىلەنمە تاش سۇۋاقـقا ئىشلىتىلىدۇ | |
| 2 | نېپىز پولات ھاندۈۋا | سىرتقى شەكلى تۆمۈر ھاندۈۋا بىلەن ئوخشاش، لېكىن نېپىزرەك، ئېلاستىكلىقى چوڭ | سېمونت لايلىق يۈز قەۋىتىنى سۇۋاشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| رەت نومۇرى | نامى | تۈزۈلۈشى | ئىشلىتىلىشى | رەسىم |
|---|---|---|---|---|
| 3 | بېسىپ سىلىقلىغۇچ ھاندۇۋا | | سېمونت لايلىق يۈز قەۋەتنى بېسىپ سىلىقلاش ۋە قەغەز تالالىق ھاك لاي، جىگتە ھاك لايىنى سۇۋاشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 4 | قەلەي | ئېلاستىكلىقى ياخشى بولغان قەلەيدىن ياسىلىدۇ | ھاندۇۋا چۇشمەيدىغان جايلارنى سۇۋاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 5 | سۇلياۋ ھاندۇۋا | سۇلياۋدىن ياسىلىدۇ، يۇمىلاق باشلىق ۋە چاسا باشلىق بولىدۇ | قەغەز تالالىق ھاك لاي، چىلىك ھاك لايىنى سىلىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 6 | ياغاچ ھاندۇۋا | چاسا باشلىق ۋە يۇمىلاق باشلىق بولىدۇ | لايىنى تەكشىلەش ۋە چىڭداشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 7 | ئىچ بۇلۇڭلۇق ھاندۇۋا | ئۈچلۇق ياكى كىچىك يۇمىلاق ئۈچلۇق بولىدۇ | ئىچ بۇلۇڭلاردىكى سۇۋاقنى بېسىش، سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 8 | يۇمۇلاق ئىچ بۇلۇڭلۇق ھاندۇۋا | | سۇ كۆلچىكى قاتارلىقلارنىڭ ئىچ بۇلۇڭىنى سۇۋاش ۋە سىلىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |

| رەت نومۇرى | نامى | تۈزۈلۈشى | ئىشلىتىلىشى | رەسىم |
|---|---|---|---|---|
| 9 | سۇلياۋ ئىچ بۇلۇڭلۇق هاندۇۋا | | |  |
| 10 | ئىچ بۇلۇڭلۇق هاندۇۋا | ئۇچلۇق بۇلۇڭلۇق ۋە كىچىك يۇمىلاق بۇلۇڭلۇق ئىككى خىل بولىدۇ | ئىچ بۇلۇڭلارنىڭ سۇۋىقىنى سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 11 | يۇمىلاق قاپارتما بۇلۇڭلۇق هاندۇۋا | | سىمىرلىپ كېتىشتىن قوغدىنىش قىرچىلىرىنى سىلىقلاش ۋە بېسىشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 12 | بۇلۇڭ سىدىرىش ئەسۋابى | | بۇلۇڭ ئىچىدىكى سېمونت قالدۇقلىرىنى تازىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 13 | پەتەك هاندۇۋا | | ئىنچىكە ياكى كىچىك بۆلەكلەرنىڭ سۇۋىقىنى سىلىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 14 | چوڭ ـ كىچىك ئۆردەك تۇمشۇق | | ئىنچىكە بۆلەكلەردىكى سۇۋاقلارنى ياماش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ |  |

(2) قولدا ياسالغان ئەسۋابلار (2 ـ جەدۋەلگە قاراڭ)

**2 ـ جەدۋەل دائىم ئىشلىتىلىدىغان قولدا ياسالغان ئەسۋابلار**

| رەت نومۇرى | نامى | ئۆلچىمى | تۈزۈلۈشى | ئىشلىتىلىشى | رەسىم |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | قالاق | | | لاي ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 2 | ياغاچ كالتەك | 250_350 200_250 150 سانتىمېتىر ئەتراپىدا | ئۇزۇن كالتەك ئوتتۇرھال كالتەك قىسقا كالتەك | يول ۋە تامدىكى لاينى قىرىپ تەكشىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 3 | يۇمشاق قىرغۇچ | 80_100 (cm) | | سۇۋاق قەۋىتىنى تەكشىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 4 | خەتلىك چۆپگەز (چاسپەك) | ئۇزۇنلۇقى تەلەپكە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ | | گىرۋەك چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 5 | چۆپگەز | قېلىنلىقى 3-3.5mm بولىدۇ | قېلىن ۋە نېپىز تاختىلىق ئىككى خىل بولىدۇ | گىرۋەك چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 6 | پولات چىۋىق قىسقۇچ | دىئامېتىرى 8mm | | چۆپگەز بىلەن چاسپەكنى قىسىپ تۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |

| رەت نومۇرى | نامى | ئۆلچىمى | تۈزۈلۈشى | ئىشلىتىلىشى | رەسىم |
|---|---|---|---|---|---|
| 7 | بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ | | | ئىچ ۋە تاش بۇلۇڭلارنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 8 | ئاسما تاختىسى | ئۇزۇنلۇقى 1.2m | | ئاسما ئېسىشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 9 | نېپىز تارشا | | كەسمە يۈز ۋە ئۆلچىمى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ | تام يۈزىنى چاسا بۆلەكلەرگە بۆلۈش ۋە سۇ تامچىلىتىش ئېرىقى چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 10 | مېتىر | | قاتلىنىدىغان ياغاچ مېتىر ۋە پولات يۆگەلمە مېتىر | ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 11 | ياغاچ شەيتان | | | تەكشىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 12 | ئىچ بۇلۇڭلۇق ئەسۋاب | | | تام يۈزىدىكى سۇۋاقنىڭ ئىچ بۇلۇڭىنى قىرىپ تەكشىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ |  |

www.uyghurkitap.com

(3) چوتكا ۋە سۇ ئېلىش ئەسۋابلىرى (3-جەدۋەلگە قاراڭ)

### 3-جەدۋەل چوتكا ۋە سۇ ئېلىش ئەسۋابلىرى

| رەت نو-مۇرى | نامى | تۈزۈلۈشى | ئىشلىتىلىشى | رەسىم |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ئۇزۇن موي-لۇق چوتكا (يۇمشاق مويلۇق چوتكا) | | ئۆي ئىچى-سىرتىنى سۇۋاش، سۇ سېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 2 | چوتقا تو-كىدىن يا-سالغان چوتكا | | يۇيۇلما تاش سۇۋاق، يۇلما سۇۋاقنى يۇيۇشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 3 | پەنجە چوتكا | | ئۇزۇن مويلۇق چوتكىدا يۇيغىلى بولمايدىغان جايلارنى، مەسىلەن ئىچ بۇلۇڭلارنى يۇيۇشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 4 | سىم چوتكا | | ئاساس قەۋەتنى تازىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 5 | شۇاق (سۇ-پۈرگە) | | ياغاچ ھاندۇۋا بە-لەن تەكشىلىگەن-دە سۇ سېپىشكە ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 6 | چېلەك | قەلەيدىن ياسى-لىدۇ، ياكى سىر تۆكۈلىرى ئۆزگەرتىپ ياسىلىدۇ | سۇ ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 7 | سۇ پۈركۈش چۆگۈنى | سۇلياۋ ياكى ئاق قەلەيدىن ياسىلىدۇ | سۇ سېپىشكە ئىشلىتىلىدۇ |  |
| 8 | چۆگۈن | سۇلياۋ ياكى ئاق قەلەيدىن ياسىلىدۇ | سۇ چېچىشقا ئىشلىتىلىدۇ |  |

## 2 § . سۇۋاقچىلىق تېخنىكىسى

ھەرقانداق بىر بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن سۇۋاقچىلىق تېخنىكىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىر لاياقەتلىك تامچى بولۇپ چىقىش ئۈچۈن سۇۋاقچىلىق تېخنىكىسىغا دائىر ساۋاتلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش لازىم.

### 1. سۇۋاق لېيىنى تەييارلاش

(1) ئادەتتىكى سۇۋاق لېيى. ① لاينى تاللاش. سۇۋاقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان لاينىڭ تۈرى لايىھەدىكى تەلەپ بويىچە تاللىنىدۇ. ئەگەر كونكرېت تەلەپ بولمىسا، 4-جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن ئادەتتىكى سۇۋاق لېيىنى تاللاش بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كەلسىلا بولىدۇ.

4-جەدۋەل ئادەتتىكى سۇۋاق لېيىنى تاللاش

| قۇرۇلۇشتىكى ئورنى | تاللاپ ئىشلىتىلگەن لاي |
|---|---|
| قۇرۇلۇشتىكى ئورنى | سېمونت قۇم لاي ياكى سېمونتلۇق ئارىلاشما لاي |
| ئىشىك - دېرىزە ئورنىنىڭ سىرتقى تېمى، سەر قەلەم سۇۋىقى | سېمونت قۇم لاي ياكى سېمونت ئارىلاشما لاي |
| بېتون تاختا ياكى تامنىڭ ئاستىنقى قەۋەت سۇۋىقى | سېمونت ئارىلاشما لاي، سېمونت قۇم لاي ياكى سېمونت پولىمېرلانغان ماددىلىق لاي |
| سىلىكاتلىق سېمونت كۆتەك خىش، گازلىق بېتون خىش ۋە تاختا ئاستىنىڭ سۇۋىقى | سېمونت ئارىلاشما لاي ياكى سېمونت پولىمېرلانغان ماددىلىق لاي |
| تارشا، مېتال تورلۇق تورۇس ياكى تام، تۇۋرۇكلەرنىڭ ئاستىنقى قەۋىتى بىلەن ئوتتۇرا قەۋەت سۇۋىقى | بىلەنمە تاشلىق ھاك لاي ياكى قەغەز تالالىق ھاك لاي |

② لايغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى. ئادەتتە، قۇرۇلۇش ئورنى، ئاساسىي گەۋدە ۋە ئۇل قەۋىتىگە ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال، ئوخشاش بولمىغان سۇۋاق قەۋىتى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى لاينىڭ ماتېرىيال نىسبىتى بېكىتىلىدۇ. دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۇۋاق لېيىنىڭ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 5 ـ جەدۋەلدىن پايدىلىنىپ بېكىتسە بولىدۇ.

5 ـ جەدۋەل ئادەتتىكى سۇۋاق لېيىنىڭ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى

| تۈرى | ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى | هەر $m^3$ لايغا كېرەكلىك ماتېرىيالنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى (kg) | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 325 نومۇرلۇق سېمونت | هاك ئۆيۈتمىسى | | قۇم | قەغەز تالا | چېگە |
| سېمونت لاي | 1:1 | 758 | | | 970 | | |
| | 1:15 | 635 | | | 1220 | | |
| | 1:2 | 548 | | | 1410 | | |
| | 1:25 | 467 | | | 1500 | | |
| | 1:3 | 403 | | | 1550 | | |
| سېمونت هاك لېيى | 1:0.5:0.5 | 798 | (0.333) | 250 | 510 | | |
| | 1:05:2.5 | 410 | (0.171) | 128 | 1320 | | |
| | 1:0.3:4 | 296 | (0.074) | 56 | 1520 | | |
| | 1:1:2 | 378 | (0.315) | 236 | 970 | | |
| | 1:1:4 | 273 | (0.228) | 171 | 1400 | | |
| | 1:1:6 | 202 | (0.169) | 127 | 1550 | | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قەغەز تالالىق ھاك لاي، قۇم لاي، چېگەھال لېيى، سېمونت ھاك لاي، چېگە قۇم لاي سېمونت ھاك لاي، ئۇۋاق تاشلىق لاي | قەغەز تالالىق ھاك لېيى<br>1:2 قەغەز تالالىق ھاك لېيى<br>1:1:4 سېمونت قەغەز تالالىق ھاك لېيى<br>1:0.5 سېمونت قەغەز تالالىق لېيى<br>1:3 ھاك چېگە قۇم لاي<br>1:2:9 سېمونت ھاك چېگە قۇم لاي<br>1:1:6 سېمونت ھاك ئاق تاش ئۇۋۇقى لېيى | 273<br>970<br>134<br>202 | (0.01)<br>(0.45)<br>(0.238)<br>(0.405)<br>(0.336)<br>(0.224)<br>(0.169) | 758<br>338<br>179<br>304<br>252<br>168<br>127 | 1380<br>1400<br>1550<br>1550<br>1576 | 57.5<br>13.6<br>ئاق تاش<br>ئۇۋۇقى | 16.6<br>16.6 |

ئەسكەرتىش: a. مەزكۇر جەدۋەلنىڭ ھاك لېيى ئىستونىدىكى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سان ھاك لېيىنىڭ ھەجىمىنى كۆرسىتىدۇ. سول تەرەپتىكى سان شۇنىڭغا مۇناسىپ خام ھاكنىڭ ئېغىرلىقى (تونىنا) نى كۆرسىتىدۇ. b. لايغا قوشۇمچە خورۇچ ئارىلاشتۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ قوشۇش مىقدارىنى سىناق قىلىپ بېكىتىش كېرەك. c. 325 نومۇرلۇق سېمونت لايغا مۇناسىپ كېلىدىغان سېمونت 32.5 نومۇرلۇق سېمونت.

③ لاينى تەڭشەش ۋە ئىسكىلىت ماتېرىياللارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى. سۇۋاق بىلەن بېزەشتە تۈزۈلمە قاتلاملىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ھەمدە ھەرقايسى قەۋەت سۇۋاقلىرىنىڭ رولىغا ئاساسەن، بىرىنچى سۇۋاقنىڭ لېيى بىر قەدەر ياخشى بولغان سۇ ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى، يېرىلىشقا تاقابىلچان بولۇشى ۋە يېپىشقاقلىقى ياخشى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئىسكىلىت ماتېرىيالىنىڭ دىئامېتىرى چوڭراق بولسا بولىۋېرىدۇ؛ ئوتتۇرا

قەۋەتتىكى سۇۋاقتا يېپىشقاقلىقى ياخشى بولۇش ۋە تام يۈزىنى تەكشىلەش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىسكىلىت ماتېرىيالىنىڭ دىئامېتىرى بىرىنچى سۇۋاقنىڭكى بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولسا بولىدۇ. ئەمما قويۇقلۇقىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ سىلىق سۇۋاقنى سۇۋىغاندا بېسىپ تۇرۇپ سۇۋاپ تام يۈزىنى سىلىق چىقىرىش كېرەك. ئۇنىڭ تارىيىشقا تاقابىلچانلىقى، يېرىلىشقا تاقابىلچانلىقى ۋە يېپىشقاقلىقى ياخشى بولۇش بىلەن بىللە نېپىزراق سۇۋىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇنىڭغا يۇمشاقراق قۇم ئىشلىتىش ياكى قۇم ئارىلاشتۇرماي تالالىق ماتېرىيال ئارىلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى سۇۋاق لېيىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە ئىسكىلىت ماتېرىيالىنىڭ ئەڭ چوڭ دىئامېتىرى 6 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

**6-جەدۋەل ئادەتتىكى سۇۋاق لېيىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە ئىسكىلىت ماتېرىيالىنىڭ ئەڭ چوڭ دىئامېتىرى**

| سۇۋاق قەۋىتىنىڭ نامى | قويۇقلۇقى (ئادەم كۈچى بىلەن سۇۋىلىدۇ) (mm) | سىڭدۈرۈلگۈچ ماتېرىيالنىڭ ئەڭ چوڭ دانچىسىنىڭ دىئامېتىرى (mm) |
|---|---|---|
| ئاستىنقى قەۋەت | 100-120 | 2.5 |
| ئوتتۇرا قەۋەت | 70-90 | 25 |
| يۈز قەۋەت | 70-80 | 1.2 |

ئەسكەرتىش: ماشىنا بىلەن پۈركۈپ سۇۋىغاندا، بېتون يۈزىنى سۇۋايدىغان لاينىڭ قويۇقلۇقى 90-100mm، خىش تامنىڭ يۈزىنى سۇۋايدىغان لاينىڭ قويۇقلۇقى 100-120mm بولۇشى كېرەك.

(2) سىلىق سۇۋاق لېيى. ① رەڭلىك سېمونت بىلەن ئىسكىلىت ماتېرىيالنى تەييارلاش. سىلىق سۇۋاق لېيىنىڭ ئارىلاشتۇ-



www.uyghurkitap.com

رۇش نىسبىتى لايىھەدە بېكىتىلگەندىن كېيىن، رەڭلىك لاي تەي-
يارلاشتا ئالدى بىلەن سىناق قىلىپ بېكىتىلگەن سېمونت بىلەن
رەڭنىڭ نىسبەت بويىچە تەييارلانغان ماتېرىيالىنى قۇرۇق ھالەتتە
تەكشى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.
قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك رەڭلىك سېمونت پاراشوكى ياكى رەڭ-
لىك تاش ئۇۋىقى، رەڭلىك قۇم، چاقچۇق ئۇۋىقى قاتارلىقلارنى
تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ خالتىغا قاچىلاپ تەييار قىلىش، لازىم بول-
غاندا سۇ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك. ماتېرىيال
نىسبىتىنى ئادەتتە ئېغىرلىقى بويىچە بېكىتىش، ھەجىم نىسبە-
تى بويىچە ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە ئېغىرلىقى بويىچە سۇ-
دۇرۇپ ھېسابلاپ ھەجىم نىسبىتىنى تېپىش كېرەك.
② كۆپ خىل ئارىلاشما ماددىلىق رەڭلىك سېمونت لايىنى تەي-
يارلاش. رەڭلىك سېمونت پاراشوكى بىلەن ئىسكىلىت ماتېرىيال-
نى قۇرۇق ئارىلاشتۇرغاندا، ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويى-
چە خىمىيىلىك قوشۇمچە خۇرۇچ، سۇ ۋە 108 يېلىمىنى قوشۇش
كېرەك.

## 2. تام يۈزىنى سۇۋاش تېخنىكىسى

(1) ئىچكى تامنى ئادەتتىكىچە سۇۋاش تېخنىكىسى. سۇۋاقچى-
لىق قۇرۇلۇشىنى باشلىغاندا، قۇرۇلۇش بەلگىلىك دەرىجىدىكى
شارائىتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا
بارلىق قوپۇرمىلار قوپۇرۇلۇپ بولۇشى، تۇرۇبا يوللىرى ئورنىتى-
لىپ بولۇشى ھەم تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان بولۇشى كېرەك.
سۇۋاق ئىچىگە ئېلىنىدىغان توك - تۇرۇبىلارنىڭ ئورنى چېرتيوژ
بويىچە ئېنىق تاپشۇرۇلۇشى ۋە بەلگە سېلىپ قويۇلۇشى، سۇۋاق
تۈگىگەندىن كېيىن، سۇۋاقنى چېپىپ ئېرىق چىقىرىش ئاۋارى-
چىلىقىنى ئىمكانقەدەر ئازايتىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك

www.uyghurkitap.com

سۇۋاقچىلىق قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن، قۇرۇلۇش قىلىش مۇھىتىدىكى تېمپېراتۇرا 5℃ تىن تۆۋەن بولماسلىقى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋە ئادەتتىكى سۇۋاقنىڭ مۇھىت تېمپېراتۇرىسى 0℃ تىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر تېمپېراتۇرا تەلەپتىكىدەك بولمىسا قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلىش قائىدىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ياكى ئۆي ئىچىنى ئىسسىتىش كېرەك.

① تام يۈزىنى تازىلاش. بۇنىڭ كونكرېت تەلىپى: تام يۈزىدىكى لايىنى پاكىز قىرىۋېتىش، ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىنىڭ ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈش، تام يۈزىنى تەكشىلەش، تامغا سۇ چېچىپ نەمدەش.

② ئورۇن بەلگىلەش. كونكرېت تەلىپى: تام، تورۇس، زەدىۋال، ئىچ پەۋازلىق تاختىلارنىڭ دائىرىسىنى ئايرىپ بەلگە سېلىش. ئەگەر تام يۈزىدە يەنە باشقا شەكىللەر بولسا، چېرتيوژدىكى تەلەپ بويىچە سىزىپ، ئورنى ۋە شەكلىنى بېكىتىۋېلىش كېرەك.

a. بۇرجەك سۇۋاق ۋە تاپ سۇۋاق قىلىش. سۇۋاقنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى لايىھەدە بېكىتىلىدۇ، بۇ يەنە تام يۈزىنىڭ تەكشى ۋە تىكلىكىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارايدۇ. ئالدى بىلەن تام بۇلۇڭلىرىغا ئۆلچەملىك بۇرجەك سۇۋاق سۇۋىلىپ، قارا سۇۋاق قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا 1:3 نىسبەتلىك سېمونت لاي، ياكى 1:3:9 نىسبەتلىك ئارىلاشما لاي ئىشلىتىلىسمۇ بولىدۇ؛ ئىشىك ـ دېرىزە ئورنى ياكى بۇلۇڭ كۆپرەك جايلارغا بۇرجەك سۇۋاق مۇۋاپىق كۆپەيتىلىدۇ. بۇرجەك سۇۋاقنىڭ كۆلىمى ئادەتتە 50×50mm قېلىنلىقىنىڭ تام يۈزى تەكشىلەنگىدەك بولسا بولىدۇ. تەييارلانغان بۇرجەك سۇۋاقنى ئۆلچەم قىلىپ، ئاسما ئېسىپ، تام تۈۋىگە بۇرجەك سۇۋاق بېرىلىدۇ (بۇ ئادەتتە ئىچ پەۋازنىڭ ئۈستۈنكى قىرىغا سۇۋىلىدۇ). بۇرجەك سۇۋاق قېتىشقاندىن كېيىن، ھەرقايسى قۇرلاردىكى بۇرجەك سۇۋاقلارنىڭ ئارىسىغا 50mm كەڭلىكتە تاپ سۇۋاق سۇۋىلىدۇ. ئاندىن ياغاچ بالداق سۈركەپ ئۇنىڭ قېلىنلىقى

بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ.
b. بۇلۇڭ ئاسراش قەۋىتىنى سۇۋاش. ئۆي ئىچىدىكى تام (تۇۋ-
رۇك) يۈزى ۋە ئىشىك ـ دېرىزە ئورنى قاتارلىق جايلارنىڭ بۇلۇ-
ڭىدىكى سۇۋاقنىڭ ئاسراش قەۋىتىنى سۇۋاش كېرەك. ئۇنىڭ ئې-
گىزلىكى (تىك يۆنىلىشتە) پولدىن 2m ئېگىزلىكتىچە بولۇشى،
ھەر تەرەپكە ئاز دېگەندە 50mm كەڭلىكتە سۇۋىلىشى كېرەك،
1ـ رەسىمگە قاراڭ.




1ـ رەسىم بۇلۇڭ ئاسراش سۇۋىقى

③ سۇۋاق. a. بىرىنچى سۇۋاق (قارا سۇۋاق)، ئوتتۇرا قەۋەت-
نىڭ سۇۋىقى. بۇرجەك سۇۋاق، تاپ سۇۋاق ۋە بۇلۇڭ ئاسراش سۇ-
ۋىقى سۇۋىلىپ بولغاندىن كېيىن، قارا سۇۋاق بىلەن ئوتتۇرا قە-
ۋەتنىڭ سۇۋىقى سۇۋىلىدۇ. ئادەتتە قارا سۇۋاق تاپ سۇۋاقتىن نې-
پىز بولىدۇ، قېتىشقاندىن كېيىن (قول بىلەن باسقاندا ئىز چىق-
مىسا) ئوتتۇرا قەۋەت سۇۋىقىنى سۇۋاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ قېلىن-
لىقى تاپ سۇۋاقتىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغىچە بولىدۇ. ئاخىرىدا
ياغاچ ھاندۇۋا بىلەن بېسىپ سۇۋاق يۈزى تەكشىلىنىدۇ.
b. تامنىڭ ئىچ بۇلۇڭىنى سۇۋاش. ئىچ بۇلۇڭنى سۇۋاشتىن
بۇرۇن، بۇلۇڭنىڭ تىكلىكى ئۆلچىنىدۇ، ئىچ بۇلۇڭنى سۇۋاشقا
ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ھاندۇۋا بىلەن تىك بۇلۇڭ چىقىرىپ
سۇۋىلىدۇ (2 ـ رەسىمدىكىدەك). ئەگەر ئىشلىتىلگەن لاي سې-

www.uyghurkitap.com

مونت لاي ياكى سېمونت ئارىلاشما لاي بولسا، بىر قېتىم سۇۋاپ سەل قېتىشقاندىن كېيىن يەنە سۇۋىلىدۇ؛ ئەگەر ھال لېيى بىلەن سۇۋالغان بولسا، بىرىنچى قېتىمقى سۇۋاق 7 ئۈلۈش قېتىشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم سۇۋاش كېرەك. لېكىن ھاك لاي سۇۋاق ئۈستىگە سېمونت لايىنى سۇۋاشقا بولمايدۇ.



2 ـ رەسىم ئىچ بۇلۇڭنى سۇۋاش

c. سىيلىق سۇۋاق. ئوتتۇرا قەۋەتتىكى سۇۋاق بەلگىلەنگەن قېتىشىش ياكى قۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۈستىدىن سىيلىق سۇۋاق بېرىشكە بولىدۇ. سىيلىق سۇۋاقتا تام يۈزى سىيلىق، پارقىراق، يېرىقسىز چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوتتۇرا قەۋەتتىكى سۇۋاق بىلەن سىيلىق سۇۋاقنىڭ ئوبدان يېپىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا قەۋەت سۇۋىقى قېتىشقاندىن كېيىن، ئۈستىگە بەلگىلىك ئارىلىق بويىچە كېسىشكەن قىيپاش ئىزلارنى چىقىرىش كېرەك.

(2) سىرتقى تامنى ئادەتتىكىچە سۇۋاش تېخنىكىسى. ① سىرتقى تامنى سۇۋىغاندا ئىچكى تام بىلەن ئوخشاشلا بۇرجەك سۇۋاق بىلەن تاپ سۇۋاق قىلىۋېلىپ، ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ سۇۋاش كېرەك.

② بۆلەكلەرگە ئايرىش بالدىقىنى چاپلاپ تۇرغۇزۇش. قارا سۇۋاق تۈگىگەندىن كېيىنلا، بۆلەكلەرگە ئايرىش بالدىقى چاپلىنىدۇ. بۇنىڭدا قارا سىزىلغان گورىزونتال سىزىق بىلەن بۆلەك-

لەرگە ئايرىش ئۆلچىمى بويىچە بۆلەكلەرگە ئايرىش سىزىقىغا قارا
سىپلىنىدۇ. گورىزونتال يۆنىلىشتىكى بۆلەكلەرگە ئايرىش بالدىقى
گورىزونتال سىزىقنىڭ تۆۋىنىگە، تىك يۆنىلىشتىكى بۆلەكلەرگە
ئايرىش بالدىقى تىك سىزىقنىڭ سول تەرىپىگە چاپلىنىدۇ. بۆلەك-
لەرگە ئايرىش بالدىقىنىڭ شەكىل ئۆزگىرىشىدىن ساقلىنىش
ئۈچۈن، ئىشلىتىشتىن ئاۋۋال سۇغا چىلىۋېتىش كېرەك. چاپلى-
غاندا بۆلەكلەرگە ئايرىش بالدىقىنىڭ ئىككى تەرىپى سېمونت لاي
بىلەن قىيپاش ھالەتتە سۇۋاپ توختىتىلىدۇ. بىر كۈندىلا سۇۋى-
لىدىغان بۆلەكلەرگە ئايرىش بالدىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىي-
پاش بولۇڭ ياكى ° 60 بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ (3 ـ رەسىمگە
قاراڭ).




3 ـ رەسىم بۆلەكلەرگە ئايرىش بالدىقى

③ سۇۋاش. سىرتقى تامدىكى سۇۋاقنىڭ سۇ ئۆتكۈزمەس بو-
لۇشى ئالاھىدە تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ئەگەر سۇۋاقتا سېمونت ئا-
رىلاشما لاي ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى ــ
سېمونت: ھاك: قۇم=6:1:1: بولىدۇ؛ ئەگەر سېمونت لاي ئىشلى-
تىلسە، ئۇنىڭ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى ــ سېمونت: قۇم=3:1 بو-
لىدۇ. قارا سۇۋاق بەلگىلىك چىداملىقلىقا يەتكەندىن كېيىن،
ئاندىن ئوتتۇرا قەۋەتنىڭ سۇۋىقى سۇۋىلىدۇ ۋە ياغاچ ھاندۇۋا بى-
لەن بىسىپ چىڭدىلىدۇ، ئاندىن سۇ چېچىپ ئاسرىلىدۇ. سىيلىق
سۇۋاق 1:2.5 نىسبەتلىك سېمونت لاي بىلەن نېپىز سۇۋىلىدۇ.
سۇۋاق بۆلەكلەرگە ئايرىش بالدىقى بىلەن تەكشى چىقىقاندىن كې-
يىن، ئۈستىدىن ھاندۇۋا بىلەن تەكشى بېسىپ چىڭدىلىدۇ. ئاندىن

www.uyghurkitap.com

ھۆللەنگەن چوتكا بىر يۆنىلىشتە يېنىك، تەكشى سۈرتۈلۈپ، بۆ-
ـەكلەرگە ئايرىش بالدىقى ئۈستىدىكى لاي تازىلىنىۋېتىلىدۇ. بۆلەك-
ـەرگە ئايرىش بالدىقى ئېلىۋېتىلگەن ھامان سېمونت لاي بىلەن
بۆلەكلەرگە ئايرىش چېكى ئەنكاپلىنىدۇ.
سۇۋاق تاماملىنىپ 24 سائەتتىن كېيىن ئاسرىلىدۇ، ئەڭ
ياخشى ئاسراش ئۇسۇلى نەملىك بىلەن ئاسراش بولۇپ، ئاسراش
ۋاقتى 7 كۈندىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك.
④ قۇرۇلۇش قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار. a. پولات
قېلىپ سىلىقلىنىۋەتكەن بېتون ئۇل قەۋىتىنى سېمونت لاي بىلەن
سۇۋىغاندا، 10% لىك ئېرىتىش سۇيۇقلۇقىنى چوتكا بىلەن سۇۋاپ
ھەم سۇ بىلەن يۇيۇپ، ئاندىن بىر قەۋەت 1:3 . 3:1 (108 يېلىمى:
سۇ: سېمونت) نىسبەتلىك 108 يېلىملىق سېمونت لاي سۇۋاپ،
ئاخىرىدا 1:1 نىسبەتلىك سېمونت لاي (قېلىنلىقى 3mm دىن
ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك) سۇۋاپ، بېتون ئۇل ياكى تام يۈزىنى
بىرلىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، 24 سائەتتىن كېيىن بۆرجەك سۇۋاق،
تاپ سۇۋاق قىلىپ سۇۋاش كېرەك.
b. گاز بېتونلۇق تام يۈزىنى سۇۋىغاندا، سۇۋاق قەۋىتىنىڭ
قومۇرۇلۇپ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۆۋەن-
ـدىكى چارىلەرنى قوللىنىش كېرەك:
تام يۈزىگە ئابيوملۇق بىر تەرەپ قىلىش خۇرۇچى سۇۋاش كې-
ـرەك. مەسىلەن YJ-302 بېتون يۈزىنى ئابيوملۇق بىر تەرەپ قى-
ـلىش خۇرۇچى سۇۋاش.
لايغا يېپىشتۇرغۇچى خۇرۇچلارنى قوشۇپ، لاينىڭ يېپىشقاقى-
ـلىقىنى ياخشىلاش كېرەك، مەسىلەن 108 يېلىم ئېرىتمىسى ياكى
باشقا يېپىشتۇرغۇچى خۇرۇچلارنى قوشۇش.
تام يۈزىنى نەمدەپ سۇۋاش كېرەك.
c. سېمونت دېرىزە تەكچىسىنى سۇۋىغاندا، ئىككى تەرىپىنى
1:2.5 نىسبەتلىك سېمونت لايدا سۇۋاش، تەكچە قىرىنى تىك ياكى
يايسىمان چىقىرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىرتقى

دېرىزە تەكچىسى، ئىشىك لەمپىسى، بالكون ۋە باشقا تامدىن چىقىپ تۇرغان بۆلەكلەرنى سۇۋۇغاندا، ئۈستىگە سۇ ئاققۇزۇش يانتۇلۇقى چىقىرىش، ئاستىغا سۇ تامچىلىتىش ئوقۇرى چىقىرىش كېرەك (4 ـ رەسىمدىكىدەك). سۇ تامچىلىتىش ئوقۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى بىردەك 10mm دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.




4 ـ رەسىم سۇ تامچىلىتىش قىرى ۋە تامچىلىتىش ئوقۇرى

1. سۇ ئاققۇزۇش يانتۇلۇقى. 2. سۇ تامچىلىتىش قىرى. 3. سۇ تامچىلىتىش ئوقۇرى

d. قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلغاندا لايىنىڭ تېمپېراتۇرىسى

5℃ تىن تۆۋەن بولماسلىقى، لايىھەدىكى تەلەپ بويىچە توڭلاشتىن ساقلاش خۇرۇچى قوشۇلۇشى، خۇرۇچنىڭ مىقدارىنى سىناق قىلىپ بېكىتىشى كېرەك. سۇۋالغۇ بىلەن ئاقارتىلىدىغان سىرتقى تام سۇۋىقىغا خىلورلۇق تۇز تەركىبى بولغان توڭلاشتىن ساقلاش خۇرۇچى قوشماسلىق كېرەك.

## 3. تورۇسنى سۇۋاش تېخنىكىسى

بېتون تورۇسنى سۇۋىغاندا، ئاۋۋال ساڭگىلىغان ياكى يېرىلغان جايلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

ئالدىن تەييارلانغان بېتون پول تاختىلىق پولنى سۇۋىغاندا، بېتون تاختا ئارىلىقىدىكى چاكنىڭ ئۇششاق تاشلىق بېتون بىلەن ئېتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلە كۆرۈلسە لاي بىلەن تەكشىلەپ، ئاندىن سۇۋاش كېرەك. ئۇيۇل پول تاختىسىنى سۇۋاش ئۇسۇلى ئىچكى تامنى سۇۋاش بىلەن ئوخشاش.

تورۇس سۇۋىقىنىڭ قېلىنلىقى تورۇسنىڭ تەكشىلىكىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

## 4. لاي تۈردىكى بېزەكلىك سۇۋاقلار

بېزەكلىك سۇۋاق دېگىنىمىز، ماتېرىيالنىڭ ئەسلى ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ھۈنەر قوشۇپ، سۇۋاق يۈزىدە ئوخشاش بولمىغان تۈيغۇ، كۆرۈنۈش ھەمدە رەڭ ئۈنۈمى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل سۇۋاقچىلىق ھۈنىرىدۇر. بۇ ئاساسەن، بىلەنمە تاش سۇۋاق، يۇيۇلما تاش سۇۋاق، يۇلما سۇۋاق، سىرلاش، رەڭلىك سۇۋاق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تاللانغان ماتېرىيال ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، بېزەكلىك سۇۋاق ئادەتتە لاي تۈردىكى ۋە ئۇششاق تاش تۈردىكى بېزەكلىك سۇۋاقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بېزەكلىك سۇۋاقنى لايىھەلەش ۋە مەشغۇلات جەريانى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئىنچىكە ئىشلەنسە، ئادەتتىكى سۇۋاقنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى، يەنە بىنالارنىڭ سىرتقى يۈزىدە ئۆزگىچە بېزەكچىلىك ئۇسلۇبى ياراتقىلى، ئالىي دەرىجىلىك بېزەكچىلىك ماتېرىياللىرىنى ئىشلەتمەي تۇرۇپمۇ كۆركەملىكى شۇنىڭغا يېتەرلىك بولغان بېزەش ئۈنۈمىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

(1) بېزەكلىك سۇۋاقنىڭ ئادەتتىكى تەلەپلىرى. ① بېزەكلىك سۇۋاققا ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال چوقۇم لايىھەدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى ھەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ سىناق قىلىنغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىشى كېرەك.

② ئوخشاش بىر تام يۈزى ياكى لايىھەدە ئوخشاش بېزىلىش تەلەپ قىلىنغان دائىرىگە ئىشلىتىلگەن لاي (رەڭلىك لاي) نىڭ تۈرى، ئىشلەپچىقىرىلغان ئورنى ۋە نومۇرى ئوخشاش بولۇشى ھەمدە ماتېرىيال نىسبىتى ئوخشاش بولۇشى، لاي ئېتىش ئۈسكۈنىسى ئوخشاش بولۇشى ۋە كەسپىي خادىم مەشغۇلات قىلىشى، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق لاي رەڭگىنىڭ تەكشىلىكى ۋە ئوخشاشلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك.

③ بېزەكلىك سۇۋاقنى قارا سۇۋاق قاتقاندىن كېيىن سۇۋاش كېرەك. قارا سۇۋاقنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇشى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن سۇ چېچىپ ھۆللەپ، ئاندىن بېزەكلىك سۇۋاقنى سۇۋاش كېرەك.

④ ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ سىرتقى تېمىغا بېزەكلىك سۇۋاق بەرگەندە، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، بۆلەكلەرگە بۆلۈپ سۇۋاش، تىكلىكى ۋە تەكشىلىكىنى ئەسۋاب ئارقىلىق كونترول قىلىش كېرەك.

⑤ بېزەكلىك سۇۋاق يۈزىدە كاتەكسىمان شەكىل چىقىرىش تەلەپ قىلىنسا، شەكىل چىقىرىش تاياقچىلىرىنىڭ كەڭ - تارلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قى ۋە قېلىنلىقى ئوخشاش بولۇشى، قارا سۇۋاقتا مەھكەم يېپىشتۇرۇلۇشى، بۇلۇڭلىرى تولۇق تۇتاشتۇرۇلۇشى ھەمدە سۇۋاپ بولغاندىن كېيىن مۇۋاپىق پەيتتە ئېلىۋېتىلىشى كېرەك.

⑥ كاۋاكلىق بىتون خىشلىق تام يۈزىنى سۇۋىغاندا، ئالدى بىلەن 108 يېلىم سۈيىگە 20% سېمونت ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان سېمونت لاي سۇۋايمىز ھەمدە 6:1:1 نىسبەتلىك ئارىلاشما لاي بىلەن سۇۋاپ تەكشىلەيمىز. بىتون تام يۈزىنى 3:1 نىسبەتلىك سېمونت لاي بىلەن تەكشىلەيمىز. تۆشۈك ـ كاۋاكلارنى ئوخشاش دەرىجىلىك بىتون بىلەن تولدۇرۇپ ئېتىمىز. ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى ئاساس قەۋەتكە 3:1 نىسبەتلىك 108 يېلىم سۈيىنى بىر قەۋەت پۈركۈپ چېچىپ، سۇۋاق بىلەن ئاساس قەۋەتنىڭ يېپىشىشى ۋە رەڭنىڭ تەكشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز.

(2) قۇم لاي تۈرىدىكى بېزەكلىك سۇۋاقتا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار. ① يۇلما سۇۋاق، چاچما سۇۋاق. a. يۇلما سۇۋاق. يۇلما سۇۋاق دېگىنىمىز سېمونتلىق قۇم لاي ياكى ھاكلىق سېمونت قۇم لاي ئۈستىدىن سېمونتلىق ئارىلاشما قۇم لاي، قەغەز تالالىق ھاك لېيى ياكى ھاكلىق سېمونت لاي سۇۋاپ، ئاندىن لاي يۇلۇش ئەسۋابى بىلەن لاينى يۇلۇش ئارقىلىق سۇۋاق يۈزىدە سولقۇنسىمان شەكىل ۋە بۆرتمە ئىز چىقىرىش ئارقىلىق بېزەكلىك سۇۋاق ھاسىل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

يۇلما سۇۋاقنىڭ تېگى ئادەتتىكى سۇۋاقنىڭكى بىلەن ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىنقى ۋە ئوتتۇرا قەۋىتىدىكى سۇۋاق ئاساسي گەۋدە بىلەن چاپلىنىدىغان يۇلما سۇۋاقنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان لاي ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، قەغەز تالالىق ھاك لاي چاپلىنىدىغان يۇلما سۇۋاقنىڭ ئاستى ۋە ئوتتۇرا قەۋىتىگە 4:5.5:1 نىسبەتلىك سېمونتلۇق ھاك قۇم لېيى سۇۋىلىدۇ. ھەرقايسى قەۋەتلەرنىڭ قېلىنلىقى بىردەك

7 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قەغەز تالالىق ھاك يۇز قەۋىتى-
نىڭ قېلىنلىقى يۇلۇش ئۇزۇنلۇقىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. ئادەت-
تە، 4~20 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. سېمونتلۇق ھاك قۇم لاي
يۇلما سۇۋاقنىڭ ئاستىنقى ۋە ئوتتۇرا قەۋەت سۇۋىقىغا ئادەتتە
6:1:1 نىسبەتلىك سېمونتلۇق ھاك قۇم لېيى ياكى 3:1 نىسبەتلىك
سېمونت قۇم لېيى ئىشلىتىلىدۇ.

b. چاچما سۇۋاق. چاچما سۇۋاق دېگىنىمىز، مەخسۇس تەي-
يارلانغان قۇم لايىنى سۇۋاقنىڭ ئوتتۇرا قەۋىتىگە چېچىپ،
چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان، ئەمما بەلگىلىك قانۇنى-
يەتكە ئىگە بولغان يىرىك يۇز پەيدا قىلىدىغان بىر خىل بېزەش
ئۇسۇلى بولۇپ، ھۈنەر - سەنئەتتى جەھەتتىن يۇلما سۇۋاققا ئا-
ساسەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ لېيى 1:1 نىسبەتلىك سېمونت قۇم لاي
بولۇپ، بىر قېتىم چېچىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىدىن قايتا
چېچىشقا بولمايدۇ. ئاساسىي مەشغۇلات جەريانى مۇنداق: سېمونت
قۇم لاي بىلەن قارا سۇۋاق ۋە ئوتتۇرا قەۋەت سۇۋاق جەمئىي 15
مىللىمېتىر قېلىنلىقتا سۇۋىلىدۇ ۋە سۇ چېچىپ ئاسرىلىدۇ،
يىرىك سۇپۇرگە بىلەن 1 : 0.5 : 0.5 نىسبەتلىك سېمونت ھاك
قۇم لاي ياكى 1:1 نىسبەتلىك سېمونت قۇم لاي دولقۇنسىمان ھا-
لەتتە چېچىلىدۇ، ھەر قېتىم چاچقان لاينىڭ دىئامېتىرى 10~
20 مىللىمېتىر ئەتراپىدا، قېلىنلىقى 6~8 مىللىمېتىر ئەترا-
پىدا بولسا بولىدۇ. سەل قېتىشقاندىن كېيىن دەرھال تۆمۈر ھاۋ-
دۇۋا بىلەن لاينىڭ بۆرتۈپ چىققان ئۇچلىرى يېنىك بېسىپ تەك-
شىلىنىدۇ.

(3) ئۇششاق تاش تۇرىدىكى بېزەكلىك سۇۋاق. بۇنىڭ ئىچىدە
كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى يۇيۇلما سۇۋاقتۇر.

يۇيۇلما سۇۋاق سىتېرولۇق تۇيغۇ پەيدا قىلالايدۇ، سىرتقى كۆ-
رۈنۈشى ۋەزمىن، رەڭگى ئۆڭمەيدۇ، ئاسانلىقچە توپا - چاڭ يۇق-

مايدۇ، تەبىئىي كۆركەم بولغان بېزەش ئۈنۈمى يارىتىدۇ.
يۇيۇلما سۇۋاقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق ماتېرىياللارغا قو-يۇلىدىغان تەلەپلەر:
سېمونت. ئۈنىڭغا چىدامىلىقلىق دەرىجىسى 32.5 تىن يۇقىرى بولغان سىلىكاتلىق سېمونت، ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، ئاق سېمونت ياكى رەڭلىك سېمونت ئىشلىتىلىدۇ، سېمونتنىڭ رەڭگى، تۈركۈم نومۇرى بىر خىل بولۇش، ساقلىنىش مۇددىتى 3 ئايدىن ئېشىپ كەتمىگەن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.
قۇم. ئوتتۇراھال قۇم ئىشلىتىلىدۇ، تەركىبىدىكى لاينىڭ مىقدارى 3% تىن يۇقىرى بولماسلىقى ھەمدە يەنە 5 مىللىمېتىر-لىق غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇشى لازىم.
شېغىل. رەڭلىرى تەكشى، پاكىز، چىقىلىپ ياپىلاقلانمىغان ۋە باشقا زىيانلىق ماددىلار ئارىلاشمىغان دانچىلىرى قاتتىق كۇۋار-تىس تاش شېغىلى ئىشلىتىلىدۇ.
رەڭ. چىرىشكە، نۇرغا چىداملىق بولغان مىنېراللىق رەڭ ئىشلىتىلىدۇ. رەڭ سېمونتقا بىر قېتىمدىلا قۇرۇق ھالەتتە تەك-شى ئارىلاشتۇرۇلۇشى، تاسقاپ قاچىلىنىشى لازىم.
مەشغۇلات قائىدىسى:
① ئاۋۋال تامغا تانا تارتىپ، بۆلەكلەرگە ئايرىش تايىقى چاپلى-نىدۇ.
② ئوتتۇرا قەۋەتنىڭ سۇۋىقى ئاخىرقى قېتىشىش باسقۇچىغا يەتكەندىن كېيىن، سۇ چېچىپ ھۆللەپ دەرھال 1: 0.4 نىسبەتلىك قارا سېمونت لاي سۇۋىلىدۇ. ئاندىن سېمونتلۇق قۇم لاي سۇۋى-لىدۇ. بۇنىڭدا ھەربىر بۆلەك لاي بىلەن تولدۇرۇپ تەكشى سۇۋى-لىشى كېرەك. سەل قېتىشقاندىن كېيىن، نېپىز پولات ھاندۇۋا بىلەن بىر قېتىم بېسىپ تەكشىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شېغىلنىڭ چوڭ يۈزى سىرتقا قارىغان، سۇۋاق يۈزىدە شېغىل تەكشى كۆرۈ-

گەن ھالەت شەكىللىنىدۇ.

③ دەسلەپكى قېتىشىش باسقۇچىغا يەتكەندىن كېيىن قول بىلەن باسقاندا ئىز چىقمىسا، چوتكىنى ھۆللەپ تۇرۇپ سۇۋاپ شىغىل دانچىلىرى چۈشۈپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە يۇيۇلىدۇ. ئاخىرىدا چۆگۈنگە سۈزۈك سۇ ئېلىپ تامنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن قۇيۇپ تام يۈزى يۇيۇلىدۇ.

④ ئاخىرىدا بۆلەكلەرگە ئايرىش تايىقى ئېلىۋېتىلىدۇ ۋە ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ سۇ چېچىپ ئاسرىلىدۇ، ئاسراش ۋاقتى 7 كۈندىن كەم بولمايدۇ.

# 6 ـ باب   قوپۇرمىلاردا پەسىل خاراكتېرلىك مەشغۇلات قىلىش

خىش تاش قۇرۇلۇشۇلىرىدا قىش ۋە يامغۇرلۇق پەسىللەردە مۇ- ناسىپ تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق قۇرۇلۇش- نىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ «قۇرۇلۇشتا مەشغۇلات قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش بەلگىلىمىسى» دە ئۇدا 10 كۈن ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 5℃ تىن تۆۋەن بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنسە، ياكى شۇ كۈندىكى ئەڭ تۆۋەن تېم- پېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 3℃ تىن تۆۋەن بولغاندا قىش پەسىللىك ئىش تەرتىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن.

يامغۇرلۇق پەسىللەردە شۇ جاينىڭ ھاۋا رايى مەلۇماتى ياكى يىللىق يىللاردىكى ھاۋا رايى ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن تېخنىكى- لىق تەييارلىقلارنى ئالدىن ياخشى ئىشلەپ قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## § 1 . قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلىش

قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلغاندا بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللارغا ئۇچراش مۇمكىن، شۇڭا قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ بەزى مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى ئىگىلىۋېلىش زۆرۈر.

### 1. تەييارلىق خىزمىتى

(1) تەييارلىق خىزمىتىنى تەشكىللەش. مۇناسىۋەتلىك خا- دىملار قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى

ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلىش لايىھەسىنى بېكىتىپ چىقىش لازىم، قۇرۇلۇش قىلىش تەرتىپى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان جايدىن كۈن نۇرى چۈشىدىغان جايغا، ئۈستىدىن ئاستىغا، سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. قىش پەسلىدىكى بارلىق ئىش باسقۇچىدا بىردەك مەخسۇس خادىمنىڭ ھاۋا رايى ئەھۋالىنى خاتىرىلىشى، سىرتتىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا سانلىق ئاساسلىرىنى تىزىملىشى ۋە رەتلەپ چىقىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قوشۇمچە خورۇچلارنى تەڭشەش ۋە قوشۇشقا، ئوت قالاشقا، تېمپېراتۇرا ئۆلچەشكە، ئولتۇرۇشۇپ كېتىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈشكە مەخسۇس خادىم بەلگىلەش ھەمدە ئىشتىن ئاۋۋال تېخنىكا بويىچە بىخەتەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش لازىم.

(2) ماتېرىيال ۋە ئەسۋاب. ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە ئەسۋابلاردىن باشقا قۇرۇلۇش تەلىپى بويىچە پار قازان، شامالدۇرغۇچ، سۇ ساقلاش تۇڭى، تېرمومېتىر، ئېغىرلىق ئۆلچىگۈچ قاتارلىق ئەسۋابلارنى ۋە تۇز، يېقىلغۇ قاتارلىقلارنى تەييارلاش لازىم. قۇرۇلۇشنىڭ تەلىپى بويىچە تام قوپۇرۇش ۋە سۇۋاش مىقدارى كۆپرەك بولغاندا شارائىت بولسا پار قازاندا سۇ ئىسسىتىپ لاي ئېتىش ياكى پار بىلەن قۇمنى ئىسسىتىش لازىم. شارائىت بولمىسا ئاۋۋال مەش كاناي تەييارلاش ھەمدە ۋاقىتلىق كاڭ ياساپ ئوت قالاپ قۇمنى ئىللىتىش، سۇ قاينىتىش ياكى ئۆي ئىچى تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش كېرەك.

بۇنىڭدىن سىرت، قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلغاندا يەنە زۆرۈر بولغان ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈسكۈنىلىرىنىمۇ تەييارلاش كېرەك.

## 2. تېخنىكا تەلپى

(1) ماتېرىيال تەلپى. ① قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش مەشغۇلاتى قىلغاندا ئەڭ ياخشىسى ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت ئىشلى-تىش ھەمدە تام قوپۇرۇشتىن بۇرۇن خىش ۋە تاش يۈزىدىكى قار - مۇزلارنى تازىلىۋېتىش كېرەك. توڭلاپ قالغان ھاك لېيىنى ئې-رىتكەندىن كېيىن قايتىدىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك. بىراق گەج توڭلىغاندىن كېيىن سۇسىزلىنىپ كېتىدىغانلىقتىن قايتا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

② قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلغاندا ئەڭ ياخشىسى ھاك ئا-رىلاشتۇرۇلغان قۇم لاي، سېغىز توپا ئارىلاشتۇرۇلغان قۇم لاي ۋە ھاك سېغىز توپىلىق قۇم لاينى ئىشلەتمەسلىك لازىم. قىش پەس-لىدە ئىش قىلغاندا سېمونت قۇم لاي بىلەن ئارىلاشما قۇم لاينى ئىشلىتىش لازىم.

③ لايغا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان قۇم ئارىسىدا دىئامېتىرى 10mm دىن چوڭ بولغان توڭ قۇم چالمىسى بولماسلىقى كېرەك. قۇمنى ئىسسىتىشقا بولىدۇ، لېكىن تېمپېراتۇرا 40℃ تىن ئېشىپ كەت-مەسلىكى كېرەك. ئەگەر سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ياكى قۇمنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، لاي تەركىبىدىكى سې-مونتتا ساختا قېتىشىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، لاينى تەكشى ئا-رىلاشتۇرۇش قىيىن بولىدۇ. شۇڭا ئىسسىتىلغان سۇنىڭ تېم-پېراتۇرىسىمۇ 80℃ تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

④ نەق مەيداندىكى ماتېرىيالنى تۈرى بويىچە توپلاپ قويۇش. زۆرۈر بولغاندا ئۈستىنى يېپىپ توڭلاپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

⑤ قوپۇرمىدىكى لاي چىككىنىڭ ئارىلىقى 10-8mm غىچە بو-لۇشى، چاك پۇختا ئېتىلگەن، لاي بىلەن ئوبدان تولغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، لاينىڭ لاي ياتقۇزۇش جەريانىدىلا توڭلاپ قېلى-

شىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تام قوپۇرۇشتا «3 تە 1» ياكى «2318» ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

قىش پەسلىدە تام قوپۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان لايىنىڭ ئېقىشچانلىقى ئادەتتىكى ۋاقىتتىكى لايىنىڭ ئېقىشچانلىقىدىن چوڭ بولىدۇ. بۇنى 1 ـ جەدۋەلدىن پايدىلانسا بولىدۇ.

### 1 ـ جەدۋەل قىش پەسلىدىكى قوپۇرمىغا ئىشلىتىلىدىغان لايىنىڭ ئېقىشچانلىقى

| قوپۇرمىنىڭ تۈرى | لايىنىڭ ئېقىشچانلىقى |
|---|---|
| خىش قوپۇرما | 80~130 |
| ئادەم كۆچى بىلەن قوپۇرۇلىدىغان ئۇششاق تاشلىق قوپۇرما | 40~60 |
| ئەۋرىتىلىدىغان ئۇششاق تاشلىق قوپۇرما | 20~30 |

قىش پەسلىدە قوپۇرۇلىدىغان خىش تاش قۇرۇلمىسىغا ئىشلىتىلىدىغان لايىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 2 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن سانلىق قىممەتلەردىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

### 2 ـ جەدۋەل خىش قوپۇرمىغا ئىشلىتىلىدىغان لايىنىڭ تېمپېراتۇرىسى

| هاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى (℃) | لايىنىڭ قوپۇرمىغا ئىشلىتىلگەن ۋاقىتتىكى تېمپېراتۇرىسى (℃) | |
|---|---|---|
| | توڭلاش ئۇسۇلى | لايغا تۇز قوشۇش ئۇسۇلى |
| 10 ـ دىن يۇقىرى | 10 | 5 |
| -10—20 | 15 | 10 |
| -20دىن تۆۋەن | 20 | 15 |

(2) قۇرۇلۇش قىلىش ئۇسۇلى. ① ئۇل ئوقۇرىنى توڭلاپ قېلىشتىن ساقلاش ئۇسۇلى. كولاپ تەييار قىلىنغان ئۇل ياكى تۇرۇبا ئورەكلىرى ئاستىدىكى توپىنىڭ توڭلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇل قازغاندا داۋاملىق قېزىۋەرمەي، ئۇل ئاستى نورمال ئېگىزلىكىنىڭ ئۈستىدە تېمپېراتۇرا ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن، مۇۋاپىق قېلىنلىقتىكى بوش كويا ياكى باشقا خىلدىكى تېمپېراتۇرا ساقلاش ماتېرىياللىرى بىلەن يېپىپ قويۇش كېرەك.

توپا تىندۇرۇش، ئاۋۋال ئۇل ئاستىدىكى يىغىلىپ قالغان سۇنى، ئەخلەت ۋە تېمپېراتۇرا ساقلاش ئۈچۈن يېپىلغان ماتېرىياللارنى ئېلىپ تازىلاش كېرەك. «تىندۇرغان ۋاقىتتا ئىمكانقەدەر توڭلىغان توپىنى ئىشلەتمەسلىك، ئىشلەتكەندىمۇ توڭلاپ كاللەكلىشىپ قالغان توپا ئومۇمىي ھەجىمىنىڭ 15% دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئۆي ئىچىدىكى ئۇل ئىچىگە توڭلاپ كاللەكلىشىپ قالغان توپىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

② لايغا تۇز قوشۇپ قۇرۇلۇش قىلىش ئۇسۇلى (توڭلىماس لاي بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش ئۇسۇلى). بۇ لاي بەلگىلىك چىداملىققا يەتكەندە (تەخمىنەن لايىھەلەش چىداملىقلىقىنىڭ 20%) توڭلىتىپ، ئېرىگەندىن كېيىن چىداملىقلىقى داۋاملىق ئاشىدىغان خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، لايغا توڭلاتماس خۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇپ، لاي بەلگىلىك چىداملىقلىققا يەتكۈچە توڭلاتمايدىغان ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. توڭلاتماس خۇرۇچلار ناترىي خىلورد (ئاشتۇزى)، كالتسىي خىلورد، كالىي كاربونات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر لايغا توڭلاتماس خۇرۇچ كالىي كاربونات قوشۇلسا، لاي تەركىبىدىكى ھاكنىڭ مىقدارى سېمونت مىقدارىنىڭ 20% دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. دائىم ئىشلىتىلىدىغان توڭلاتماس

خۇرۇچلارنىڭ ئارىلاشتۇرۇش مىقدارى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى 3 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

**3 ـ جەدۋەل تۇز ئارىلاشتۇرۇلىدىغان لايدىكى تۇزنىڭ مىقدارى (ئىشلىتىلگەن سۇ مىقدارىنىڭ %)**

| كىسلوردلوق تۇز ۋە قوپۇرمىغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ تۈرى | | | كۈنلۈك ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ℃ | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ≥-10 | -11~-15 | -16~-20 | -21~-25 |
| يەككە تۇزلار | ناترىي خلورد | خىش، كۆك خىش | 3 | 5 | 7 | – |
| | | تاش، ماتېرىيال تېشى | 4 | 7 | 10 | – |
| قوش تۇزلار | ناترىي خلورد | خىش، كۆك خىش | – | – | 5 | 7 |
| | كالتسىي خلورد | | – | – | 2 | 3 |

ئەسكەرتىش: تۇز قوشۇش مىقدارى سۇسىز تۇز بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

ناترىي خلورد يەنى ئاشتۇزى ــ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان توڭلاتماس خۇرۇچ ھېسابلىنىدۇ. لايغا ئاشتۇزى ئارىلاشتۇرغاندا، لايدىكى سۇنىڭ توڭلىشىنى ئاستىلىتىدۇ. شۇڭا، 0℃ لۇق تېمپېراتۇرىدىمۇ لاي توڭلاپ قالمايدۇ، يېپىشچانلىقىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمايدۇ. بەلگىلىك تەتۈر (ئەكس) تېمپېراتۇرىدا چىدامىلىقلىقى يەنىلا بىر ئاز ئېشىپ، قوپۇرۇلمىنىڭ سۇپىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

لايغا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان ئاشتۇزنى تەخمىنەن 40℃ لۇق ئىسسىق سۇدا ئېرىتىپ تەييارلاش، ئۇنىڭ لاي تەركىبىدىكى مىقدارىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئېغىرلىق ئۆلچىمى بويىچە

ھېسابلاپ قوشۇش كېرەك.

لاينىڭ يېپىشتىلغان ۋاقىتتىكى تېمپېراتۇرىسىنىڭ 10℃ تىن تۆۋەن بولۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، لاينى ئىسسىق ھالەتتە تەييارلاش كېرەك. تېمپېراتۇرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئىسسىتىلغان لاينىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 4 ـ جەدۋەلدىن پايدىلىنىپ تاللاش كېرەك.

**4 ـ جەدۋەل ئوخشاش بولمىغان تېمپېراتۇرا شارائىتىدىكى لاينىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى**

| قوپۇرۇش ۋاقتىدىكى سىرتقى تېمپېراتۇرا (℃) | قوپۇرمىغا يېپىشتىلغان لاينىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى (℃) | |
|---|---|---|
| | شامالسىز ھاۋا | شامالliq ھاۋا |
| -10 | 5 | 10 |
| -11~-20 | 10 | 15 |
| 20ـدىن تۆۋەن | 15 | 20 |

سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى 15℃- تىن تۆۋەن بولسا، ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان قوپۇرۇلمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان لاينىڭ چىداملىقلىق دەرىجىسىنى ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا قۇرۇلۇش قىلغان ۋاقىتتىكىدىن بىر دەرىجە ئاشۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، لايىھەدىكى نومۇرى M2.5 بولغان لاينى بىر دەرىجە ئاشۇرۇپ M5.0 گە ئۆزگەرتىش كېرەك.

تۆۋەندىكى ئەھۋالدا خىلورلۇق تۇز قوشۇلغان لاي بىلەن تام قوپۇرۇشقا بولمايدۇ:

a. بىنانىڭ بېزەكچىلىك قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە تەلەپ قويۇلغان بولسا.

b. بىنانىڭ نەملىكى 80% تىن ئېشىپ كەتسە.

c. قوپۇرمىغا سەپلەنگەن پولات چىۋىق، كۆمۈلگەن پولات دې ـ

تالغا ئىشەنچلىك بولمىغان چىرىشتىن ساقلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلغان بولسا.

d. بىنا يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر لېنىيەسىگە يېقىن (مەسىلەن ئېلېكتر ئىستانسىسى، بېسىم ئۆزگەرتىش ئورنى قاتارلىقلار) بولسا.

e. قوپۇرما داۋاملىق يەر ئاستى سۇ ئورنى ئۆزگىرىش دائىرىسىدە تۇرسا، ياكى يەر ئاستىغا نەملىكتىن ساقلىنىش قەۋىتى ئىشلەنمىگەن بولسا.

③ توڭلىتىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل قاتتىق سوغۇق بولىدىغان رايونلاردا قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا لايىنىڭ قېتىشىشتىن بۇرۇن توڭلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، لاي بىلەن خىشنىڭ توڭلاپ يەملىشكەن چاغدىكى چىداملىقلىقى قوپۇرۇلمىنىڭ دەسلەپكى مەزمۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئېرىگەندىن كېيىن لايىنىڭ چىداملىقلىقى داۋاملىق ئاشىدۇ ۋە خىش بىلەن يېپىشىدۇ، ئەمما لاي توڭلاش تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئېرىگەندىن كېيىن چىداملىقلىقى ئاشىمۇ، لېكىن يەنىلا لايىھەدە تەلەپ قىلىنغان چىداملىقلىقىغا يېتەلمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ كۈندىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 25℃ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغاندا لايىنىڭ چىداملىقلىق دەرىجىسىنى ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدىكىدىن بىر دەرىجە ئاشۇرۇش كېرەك. شۇ كۈندىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 25℃ تىن تۆۋەن بولغاندا ئىككى دەرىجە ئاشۇرۇش كېرەك. لاي ئىشلىتىشتىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5 ـ جەدۋەلدىكى كۆرسەتمىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

**5 ـ جەدۋەل توڭلىتىش ئۇسۇلى بىلەن تام قوپۇرغان ۋاقىتتىكى لايىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى**

| سىرتتىكى هاۋا تېمپېراتۇرىسى (℃) | لايىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى (℃) |
|---|---|
| −10-0 | 10 |
| −11−25 | 15 |
| 25ـتىن تۆۋەن | 20 |

توك ئېرىگەن ۋاقىتتا، لايىنىڭ بىپسىمدىن تارىيىشچانلىقى ئاشىدىغان بولغاچقا، قوپۇرمىدا ئۆلتۈرۈشۈش بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قوپۇرمىنىڭ مەزمۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

a. ھەر كۆنلۈك قوپۇرۇش ئېگىزلىكى ھەمدە ۋاقىتلىق توختىتىلغان جاينىڭ ئېگىزلىك پەرقى بىردەك 1.2 مېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

b. ئىشىك ـ دېرىزە ئورنى قالدۇرۇلغان بوشلۇقنىڭ ئۈستىدىن ئالدىن 5mm دىن چوڭ ئاراچ (چاك) قالدۇرۇش، قوپۇرمىدىكى لاي چاكنىڭ كەڭلىكىنى 8mm ئەتراپىدا كونترول قىلىش كېرەك.

c. ئەگەر تامغا پول تاختىسى ياكى ئۆگزە تاختىسى قويۇلمىغان بولسا، بولۇپمۇ چوققا تامغا ۋاقتىدا پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق تامنىڭ مەزمۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

d. چات ئارىسى 0.7m دىن چوڭ بولغان ئىشىك ـ دېرىزە بېشى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان دېتال ئىشلىتىش كېرەك. چات ئارىسى بىرقەدەر چوڭ بولغان لىم، چوغۇندەك قۇرۇلمىلارغا قوپۇرمىدىكى توك ئېرىشتىن بۇرۇن ئاستىغا ۋاقىتلىق تىرەك قويۇش كېرەك. ۋاقىتلىق تىرەكنى ئېلىۋەتكەن چاغدا قوپۇرمىنىڭ چىدامىلىقلىقى لايىھەدىكى قىممەتنىڭ 80% گە يەتكەن بولۇشى كېرەك.

e. توك ئېرىش مەزگىلىدە قوپۇرمىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ تەكشۈرۈش، دەز، تەكشى بولمىغان ئۆلتۈرۈشۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، سەۋەبىنى دەرھال تېپىپ چىقىپ مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش ياكى ئازايتىش كېرەك.

تۆۋەندىكى قوپۇرۇلمىلاردا قۇرۇلۇش قىلغاندا توڭلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ:

a. كاۋاكلىق تام.

b. تاش تام.

c. ياندىن بېسىش كۆچىگە ئۇچرايدىغان قوپۇرما.

d. توك ئېرىش مەزگىلىدە يۇك ياكى تەۋرىنىشكە ئۇچرايدىغان قوپۇرما.

e. توك ئېرىش مەزگىلىدە كۆپرەك ئولتۇرۇشۇپ كەتسە بولمايدىغان قوپۇرما.

④ ئىسسىتىش ئۇسۇلى. قوپۇرما ئارىسىدىكى تامنى ئىچى ياكى سىرتىدىن ئىسسىتىپ لاينى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا تېز قاتۇرىدىغان ئۇسۇلدۇر. ئەمما بۇنىڭغا خىراجەت كۆپ كېتىدىغانلىقتىن، ئالاھىدە تەلەپ قىلىنمىسا ئىشلەتمەسلىك لازىم. كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى پار بىلەن ئىسسىتىش ۋە توك بىلەن ئىسسىتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل.

لاينىڭ ئارىلاشتۇرۇلغان ۋاقىتتىكى ئىسسىقلىقىنىڭ كېمىيىشى 6 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

**6 ـ جەدۋەل لاينى ئارىلاشتۇرغان ۋاقىتتا ئىسسىقلىقىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى (℃)**

| لاي ئېتىش ماشىنىسىنىڭ ئارىلاشتۇرغان ۋاقىتتىكى تېمپېراتۇرىسى | 10 | 15 | 20 | 25 | 30 | 35 | 40 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئارىلاشتۇرغان ۋاقىتتىكى ئىسسىقلىقىنىڭ كېمىيىشى (نورمال تېمپېراتۇرا 5℃ دەپ پەرەز قىلىنغان | 2.0 | 2.5 | 3.0 | 3.5 | 4.0 | 4.5 | 5.0 |

ئەسكەرتىش:

a. خىلورلۇق تۇز ئارىلاشتۇرغان ۋاقىتتىكى تېمپېراتۇرىسى 35℃ تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

b. ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسى 5℃ تىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولغاندا، كۆرسەتكۈچتىكى سانلىق قىممەتنى مۇۋا-

www.uyghurkitap.com

پىق ئاشۇرۇش ياكى كېمەيتىش لازىم. مەسىلەن، مۇھىت تېمپېراتۇرىسى 0℃ بولغاندا، ئەسلىدە بېكىتىلگەن ئارىلاشتۇرۇش تېمپېراتۇرىسى 20℃ بولسا، ئىسسىقلىقنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنى 35℃ قا ئۆزگەرتىش كېرەك.

⑤ بىخەتەرلىك ۋە ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش. a. قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلغاندا تېيىلىپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قار ياغقاندىن كېيىن جازىدىكى قارلارنى پاكىز تازىلاش ھەمدە مەشغۇلات قىلىدىغان جايلارنى تەكشۈرۈش كېرەك.

b. ئىش مەيدانىدا ئوت ئىشلىتىلگەن بولسا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. كۆمۈر گازى ئىشلىتىلگەن بولسا، زەھەرلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

**图书在版编目（CIP）数据**

瓦工：维吾尔文／王振如，郝婧主编；艾撕卡尔·穆拉洪等译．—乌鲁木齐：新疆大学出版社，2010.2
ISBN 978-7-5631-2181-6

Ⅰ.①瓦… Ⅱ.①王… ②郝…③艾…Ⅲ.①瓦工—技术培训—教材—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①TU754.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2010）第 010953 号

责任编辑：艾尼瓦尔．玉素甫
责任校对：阿不都力木．阿不都热依木
封面设计：苗莉

新疆大学图书馆
民文图书 755MWZS0003588

瓦工

艾斯卡尔．穆拉洪
阿布力米提．艾买提

新疆大学出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮政编码：830046）
新华书店经销
新疆新华印刷厂
开本 850mm×1168mm 1/32 5.5 印张
2010 年 2 月第 1 版 2010 年 2 月第 1 次印刷
印数：0001—18420 册

ISBN 978-7-5631-2181-6
定价：9.00 元

# تامچىلىق

ISBN 978-7-5631-2181-6
9 787563 121816 >
定价: 9.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com